# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى

## ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى

ۋە تاغۇتلارنىڭ بۇ دەۋەتنى ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە دەۋەتچىلەرنى بۇ دەۋەتتىن ۋاز
كەچتۈرۈشتىكى ھىيلەلىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى

ئەبۇ مۇھەممەد ئاسىم مەقدىسى

www.uyghurkitap.com

## تەرجىماندىن

بىز قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى ئەقىدە توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ نەقەدەر چىڭ ۋە كەسكىنلىكىنى ،بۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ جىددىي تەلەپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قۇرئاننى ھەر نۆۋەت ئوقۇغان ،ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ،قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ بىزلەرگە ئاددىي بىر ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ،پەقەت ئالىيجاناب كىشىلەرلا قىلالايدىغان بۈيۈك ھەرىكەت ۋە ئۇلۇغ نىشانلارنى تەقدىم ئېتىۋاتقانلىقىنى. بۇلارنى شۇ پېتى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ بىزنى بۇنىڭدىن چەكلەپ قويىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. بىز بۇلارنى شۇ پېتى تەتبىق قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ، بۇلارنى شۇ پېتى ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنمايدىغاندەك ،شۇنداق قىلمىساقمۇ بولىدىغاندەك ،بىرخىل قانائەت ۋە ئالدىنىش تۇيغۇسىغا گىرىپتار بولۇپ قالدۇق .شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ دىن يولىدا قانداق ماڭغانلىقى توغرىسىدىكى قىسسىلەر بىزلەردە بىرخىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلسىمۇ ـ بۇنى تەتبىقلاپ بېقىش توغرىسىدا ھېچبىر ئويلىنىش قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق. قۇرئاننىڭ ئاشكارا كۆرسەتمىلىرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تەپسىر قىلىش بىزلەرگە ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ دەقىقىدىكى رېئاللىقىمىزغا تەتبىقلاش بىز ئۈچۈن گويا ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەنلىكتۇر. . .بۇ نېمە ئۈچۈن؟بىز نېمە ئۈچۈن بۇھالغا كېلىپ قالدۇق؟. نېمە ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ،مەجازىي مەنىلەردە بولۇپ باقمىغان. بىر دېگىنى چوقۇم بىر بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلاھى ۋەھىي بۇ زامانىمىزدا بىزلەرنىڭ ئەقلىمىز ۋە رېئاللىقنىڭ تەستىقىدىن ،ئالىملارنىڭ باھالاپ بېرىشىدىن ئۆتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى؟ .رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا ئىزنى بەرگەنمۇ؟ .قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئۆزىمىزگە ئايان. . . قۇرئان بىر دەۋاتسا ،رېئاللىقنىڭ كۆتۈرەلمەسلىكى ،كىشىلەرنىڭ توغرا چۈشۈنەلمەسلىكى ، قۇدرىتىمىزنىڭ يەتمەسلىكى. . .دېگەنىدەك الله يول بەرمىگەن باھانىلەرنى كۆتۈرۈپ ، ئالىملارغا تەستىقلىتىپ يۈرۈپ ئىككى بولسىمۇ بولار ،بەلكى ئەۋزەل بولار دەۋاتىمىز.

شۇنداق قىلالىغانلارنى بىزگە قىيامەتتە ھۆججەت بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ ،نادان دېگەن سۆپەتلەر بىلەن سۈپەتلاۋاتىمىز . خاتىرجەم بولايلىكى ، قۇرئاننىڭ ھۆججىتى قايىم بولۇپ بولدى .قۇرئان بەلگىلەپ بەرگەن سىزىقنىڭ سىرتىدا ،يەنە مۇباھ ياكى مۇستەھەب ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس .بولۇپمۇ ئەقىدە مەسىلىلىرىدە جان بېقىش ئۈچۈن سۈيۈتۈپ بەرگەنلىكىمىز ،ۋاز كەچكەنلىكلىرىمىز ئۈچۈن اللەنىڭ بىزلەرگە نېمىلەرنى تەييارلاپ قويغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قويايلى .ئەگەر جېنىمىزغا ئىچىمىز ئاغرىسا ، بىر ئۆمۈر دىنىنى دەۋا قىلىپ ياشىغان تۈرۈغلۈق قىيامەتتە ھېچنەرسىگە ئىگە بولالماي قالمايلى دېسەك ،بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان روشەن ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئېنىق تەپسىرلىرىگە قاراپ باقايلى .

بىزدىن ئەگىشىش جىددىي تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر مۇشكۈلات ـ جاپالارغا تولغان . ئەگەر ئىنساندا ھەقىقى بىر ئىمانىي ئۇزۇق بولمىغىنىدا ،بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ . بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسان ئۈچۈن بۇ خىل كۈچلۈك ئىمان بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بۇ يولنى ھەقىقى چۈشىنىدىغان چۈشەنچىنىڭمۇ بولىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز .چۈنكى بۇ يول بېۋاستە جاپا ـ سىناقلارغا تولغانلىقتىن ، كۆپىنچە ئادەملەر بۇنىڭدىن بىر باھانىلەر بىلەن قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ .شۇنىڭ بىلەن بۇ يولنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ، ئەقلەن ھالدا چۈشەندۈرىدۇ . مانا بۇ بىزلەرنىڭ بۇ يولنى ھەقىقى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قېلىشىمىزنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى بولسا كېرەك .الله ئالىملىرىمىزغا رەھمەت قىلسۇن! ،ئۇلار ئۇممەتنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان بۇ يولنى ئاغزاكى ۋە ئەمىلى چۈشەندۈرۈش يولىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى كېرەك . . . . .

بىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قىلىدىغان تەۋسىيىمىز ،مەيلى سىز ئالىم بولۇڭ ، ياكى دەۋەتچى بولۇڭ ، ۋە ياكى ئاددىي بىر مۇسۇلمان بولۇڭ ،سىزنىڭ بۇ يولدىن يىراق بولغان رېئاللىقىڭىز سىزنى بۇ كىتابنى ئەيىبلەشكە ئالدىراتمىسۇن . .بۇ كىتاب ئەگەر سىز ئىمانىي كۆزىڭىز بىلەن كۆزەتكىنىڭىزدە ، ئۇنىڭ پەقەت روشەن ئايەت ـ ھەدىسلەر ۋە مەشھۇر ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ،مەسىلىنى يورۇتىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز .

شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ تۇتۇپ كەلگەن يولىغا قارشى كەلگەنلىكى ،سىزنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ياكى سىزنىڭ يولىڭىزنى قوللىمايدىغانلىقىدەك سەۋەبلەر سىزنىڭ بۇ كىتابتىن ھەقىقى مەنپەئەت ئالالماسلىقىڭىزغا ،ياكى باشقىلارنى بۇ كىتابتىن ـ بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ھەقىقەتتىن ـ توسۇشىڭىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن. قايىل بولمىغان تەرەپلەرگە قارشى دەلىل كەلتۈرۈش سىزنىڭ ھەققىڭىز ۋە مەجبۇرىيىتىڭىز. لېكىن دەلىللىرىڭىز ئاجىز ياكى ئەقلىي دەلىل بولۇشتىن ھالقىپ كېتەلمىسە ،ئەڭ ياخشىسى سۈكۈت قىلىڭ.ھەق ئاچچىق بولسىمۇ قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز.... ئەگەر يەنىلا بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا مادارىڭىز يەتمىسە ،تاكى الله سىزگە ھەقىقى بىر دەلىل بەرگۈچە ياكى ئۆزىڭىزنىڭ دەۋەتكە يارىمايدىغانلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ بولغىچە سەۋر قىلىڭكى ،ھەرگىز باشقىلارنىڭ بۇ ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ھوقۇقىغا چاڭگال سالماڭ. باشقىلارنىڭ سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن ھەقىقەتتىن مەھرۇم قېلىپ ،ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھىنى ھەسسىلەپ ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالىمايسىزغۇ ـ ئەلۋەتتە. سىزنىڭ ئىلمىڭىز ،ئابرويىڭىز ۋە سۆزمەنلىكىڭىز قىيامەت كۈنى سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ھۆججەت بولمىسۇن......الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنىڭ سىزنىڭ ھەققىڭىزدە نازىل بولغان بولۇشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ:

**«ئۇنىڭغا(ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ) اللهتىن قورقىن دېيىلسە ،<u>غورۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۈكلەيدۇ</u>(يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە ـ پاساتتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)،ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر. جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر.»(بەقەرە 206)**

**«ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە ،<u>ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ</u>(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)،ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان (كەلسە دەپ ئالدىرىغان)ئازاب نازىل بولدى.»(غافىر 83)**

ئەڭ ياخشىسى ـ الله سىزنى ۋە بىزلەرنى توغرىغا يېتەكلىسۇن! ـ ھەقكە ئەگىشىپ نىجاد تاپقۇچىلاردىن بولۇش يولىغا قەدەم بېسىڭ...

بىز بۇلارنى بايان قىلىۋاتقاندا مۇنداق بىر مەسلىنىمۇ ئۇتتۇرىغا قويۇشنىڭ

زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇقتىمىز .يەنى مۇستەھكەم دەلىللەر بىلەن قورشالغان بۇ كىتابنىڭ[5] نۇرغۇن ئوت يۈرەك مۇسۇلمانلاردا زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال .لېكىن نۇرغۇن ئەمىلىيەتلەر بىزلەرگە ھەممە ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى كامىل ۋە بىر پۈتۈن ھالدا قوبۇل قىلىپ كېتەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە ،بىز قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ، خاھىشى ۋە پىكرىگە ئاساسەن بۇ كىتابنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغىلا ئېسىلىۋېلىپ ، باشقا تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ،بەزى تەرەپلەردە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرمۇ ئىرادە قىلمىغان چەكتىن ئېشىشلارنى سادىر قىلىدىغان ، بەزى تەرەپلەرگە بولسا نەزەر سېلىپمۇ قويمايدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىمىز . بۇنىڭ بىر كۆرۈنىشى بولسا ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسىدۇر . كاپىرنى كاپىر دېيىشنىڭ دىنىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق .لېكىن بۇنى بىز قۇرئان ۋە ھەدىس ئىرادە قىلغىنىدەك بىر سۈرەتتە مەيدانغا ئېلىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .بۇ ھەقتە ئۇستازلىرىمىزدىن ئىبنى تەيمىيە ،سەييىد قۇتۇپ ۋە مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە باشقىلار نۇرغۇن ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى بەرگەن .بۇ كىتابتىمۇ كىشىلەرنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن ئىزاھاتلار بايان قىلىنغان .خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق بۇ مەسىلە ھەرگىزمۇ بىز رېئاللىقىمىزدا سادىر قىلىۋاتقان بۇ خاتالىقلارغا ئوخشىمايدۇ .كاپىرنى كاپىر دېيىش دىنىنىڭ ئاساسى بولغىنىدەك ،ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى بايان قىلىش تېخىمۇ مۇھىم بىر ئاساس .ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە مۇنازىرىلىشىشتىن قورقۇپ ،ئەيمىنىپ ، ئەنسىرەپ ئۇنىڭ قېشىدا ھىجىيىپ قويۇش ،ئارقىسىدىن ئۇنى كاپىر دەپ غەيۋەت قىلىش بولسا ئۇچچىغا چىققان سەممىيەتسىزلىك ۋە دىنىنىڭ ھەقىقى روھىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. بۇنداق سەممىيەتسىزلىكنى ئاللاھ بىزلەرگە ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. كەينىدىن كاپىر دېيىشنىڭ ئاسانلىقى ،لېكىن ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقماي يۈزتۇرانە ھەقنى بايان قىلىشنىڭ بولسا قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكى ، كۆپلىگەن بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشنىڭ قىيىنىنى تەرك ئېتىپ ئاسىنىنى تاللىۋالغانلىقىغا قاراپ ، بىرخىل دىنغا بولغان سەممىيەتسىزلىكنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالىمىز .يەنە بىر ئەھۋال بەزى قېرىنداشلىرىمىز ـ ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت

www.uyghurkitap.com



قىلسۇن ــ اللە يولىدا دۈشمەن بولۇشتا شانلىق ئۆلگىلەرنى يارىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن اللە يولىدا دوست بولۇشنىڭ ھەققى ۋە شەرتلىرىگە سەل قاراۋاتىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا دىنىمىزنىڭ يادرولۇق بىر قىسمى تۇرۇقلۇق، باشقا تەرەپلەرگە كۆچىغاندەك كۆچىمەيۋاتىمىز. ئەگەر بۇنىڭغا دۇنياۋى سەۋەپلەر سەۋەپ بولۇۋاتقان بولسا ــ اللە پاناھ بەرسۇن! ــ دىنىي يولىدىكى چوڭ بىر سەممىيەتسىزلىك يولىغا قاراپ ماڭغان بولىمىز. . . . ۋەھالەنكى بۇ دەۋەتنىڭ يادروسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىدىن ماڭالايدىغان، چۈشەنچىسى ئىلغار بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئەمەل مەيدانىدا كارغا كېلەلەيدىغان، كاپىر دەپ ئاتاپ ئادا ــ جۇدا بولۇشقا تېگىشلىك كىشى بىلەن ۋاقتىنچە سۈكۈت قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ئايرىيالايدىغان، قېرىنداشلىرى ۋە دىن يولىدا ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان ئەركەكلەرنى يېتىشتۈرۈشكى، ھەرگىزمۇ قۇرۇق نەزەرىيەچى، قۇرۇق پىتنە تارقىتىش بىلەن كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، ۋاقتىنى زايە قىلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىشتىن بەكراق كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كولاشقا سەرپ قىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۈردىغان كىشىلەرنى مەيدانغا ئەكىلىپ قويۇش ئەمەس. شۇڭا دەيمىزكى، چۈشەنمەكچى بولسىڭىز ھەممىنى ئەتراپلىق چۈشىنىڭ، ئەمەل قىلماقچى بولسىڭىز ھەممىگە ئەمەل قىلىڭ، ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەڭ. . . . ئەگەر سىز پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ يولىغا كىرىشنى ۋە بۇ دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى نىشان قىلىۋاتقان بولسىڭىز، شۇنى ئەستىن چىقارماڭكى، بۇ يول جاپا ــ مۇشەققەتكە تولغان يول. بۇ سىزنىڭ راھەت سورۇنلىرىدىكى نەزەرىيۋى پىكىرلىرىڭىز بىلەن ئەمەس، تۈرلۈك ئەمەلىي سىناق ۋە بەدەل بېرىشلار، ھارماي ــ تالماي تېرىششلار بىلەنلا مەيدانغا چىقالايدۇ. قېنى سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ داۋايىڭىزدا راستچىل بولسىڭىز، اللەنىڭ ئالدىدىكى سەممىيىتىڭىزنى سىزدىن بۇگۈن قىلىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان، بۇ دەۋەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئوزۇق بولىدىغان تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان تىرىشچانلىقلىرىڭىزنىڭ زورلۇقى بىلەن ئىسپاتلاڭ. . . . .

## تاغۇت ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە①

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم، سىز «تاغۇت» دېگەن بۇ سۆز توغرىلىق قانچىلىك مەلۇماتقا ئىگە؟. بەلكىم سىز ئىسلامنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن «تاغۇت» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان، ياكى بۇ توغرىسىدا تولۇق بىر چۈشەنچىنى بىلمىگەن بولىشىڭىز مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، بۇ ئاتالغۇ دىنىمىزدىكى مۇھىم بىر ئەقىدە ئاساسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ سۆزنى تولۇق چۈشەنمەسلىك دىننى تولۇق چۈشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى اللە تائالا تاغۇتتىن يىراق بولۇشنىڭ بۇ دىندىكى مۇھىم بىر ئاساسى ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ

**«بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار.»دەپ، پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»** (نەھل **36**)

ۋە يەنە اللە تائالا نىجادلىق يولىنىڭ پەقەت تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكىنى، تاغۇتنى ئىنكار قىلماي تۇرۇپ ئېيتىلغان ئىماننىڭ ھېچ بىر قىممىتىنىڭ يوقلىنى ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇپتا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**« دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اللەتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»**(بەقەرە **256**)

دېمەك «تاغۇت» دېگەن سۆزنى بىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش. ئۇنداقتا «تاغۇت» دېگەن نېمە؟. ئۇ قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە

①بۇ تىما ئەسلى كىتابتا يوق بولۇپ، ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرجىمان تەرىپىدىن بېرىلدى.

ئالدۇ؟. مۇسۇلمان بىلەن «تاغۇت» ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بولىشى كېرەك؟. بۇلارنى الله خالىسا تۆۋەندە چۈشەندۈرىمىز.

فەتھۇلمەجىد دېگەن كىتابتا «تاغۇت» ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار: «تاغۇت دېگەن سۆز «تۇغيان» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىقىرىلغان سۆز بولۇپ، مەنىسى چېكىدىن ئاشماق، ھەددىدىن ئاشماق دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «تاغۇت» دېگەن سۆزنى شەيتان دەپ چۈشەندۈرگەن، چۈنكى شەيتان مەنئۇبي جەھەتتىن ئادەملەرگە الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يامان كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قىززىقمايدىغان قىلغانلىقى، الله يامان كۆرىدىغان كۇفرى يوللىرىنى بولسا چىرايلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن، تاغۇتنى شەيتان دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭدەك كىم اللەنىڭ يولىدىن ۋە ئىسلام دىنىدىن، ئەمەل ـ ئىبادەتتىن چەكلىسە ۋە توسسا، ئۇ يولدا ماڭغانلارنى يامان كۆرۈپ قاچسا ۋە جازالىسا ئۇ شەكسىز تاغۇت بولغان بولىدۇ. كىمكى تاغۇتقا بويسۇنسا، قوللىسا، ياردەم قىلىپ ياخشى كۆرسە تاغۇتقا ئىشىنىپ، اللەنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «تاغۇت»نى: «جىنلار بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كاھىنلاردۇر.» دېگەن. چۈنكى كاھىن، جىنكەش، پالچى ـ رەمباللار ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىدا توغرا ـ خاتا، پايدا ـ زىياننى، ياخشى بولۇش ـ يامان بولۇش قاتارلىق ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، اللەنىڭ ھۆكمى بىلەنلا ئايرىلىدىغان ئىشلاردا بىر قىسىم ھۆكۈمرانلىقنى ئىگەللىۋالغانلىقى ئۈچۈن تاغۇت دەپ ئاتالغان. ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ: «اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلانغان، خاتا يوللاردا بويسۇنۇلغان ھەرقانداق نەرسە تاغۇتتۇر.» دېگەن. ئەللامە ئىبنۇ قەييۇم جەۋزى تاغۇت ھەققىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر توختىلىپ: «قۇلچىلىق قىلىنغان، ئەگىشىلگەن، بويسۇنۇلغان ھەرقانداق كىشى، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى (قۇلچىلىقىدىن) ئېشىپ كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلسا، ئۆز پىكرى بويىچە قانۇن ـ تۈزۈم چىقىرىپ باشقۇرسا، شۇ تاغۇتتۇر.» دېدى.ھەرقانداق مىللەتنىڭ تاغۇتى شۇ مىللەتتىكى، كىشىلەر اللەنىڭ ھۆكمى قۇرئاننى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى، سۈننەتنى

تاشلاپ ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم تەڭلەپ ئاپارغان كىشى ۋە قانۇن ــ تۈزۈمدۇر . ياكى ئۇلار اللەنى قويۇپ قۇلچىلىق قىلىنىۋاتقان ياكى اللەنىڭ قانۇنىدا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولمىغان ، ئەمما كىشىلەر ئەگىشىۋاتقان كىشى ھەم قانۇن ــ تۈزۈم تاغۇتتۇر . ياكى ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندا ، بۇ ئىتائەت اللەقا ئىتائەت قىلىش دەپ ھىساپلانمايدىغان(الله ئىتائەت قىلىشقا ئىزنى بەرمىگەن) كىشى تاغۇتتۇر . يۇقارىقىلار ئاۋام ــ خەلقىنىڭ تاغۇتىدۇر . مانا بۇلارنى ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە ، اللەقا ئىتائەت قىلىشتىن تاغۇتقا بويسۇنۇشقا يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىمىزنى ، رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشتىن تاغۇتقا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرىمىز .

خۇلاسە شۇكى ، اللەقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىسلامنىڭ يولىدا مېڭىشتىن ، قۇرئاننى تەدبىقلاشتىن توسقان ، چەكلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغان ، ۋە ئۇنى سەت كۆرسەتكەن ھەرقانداق ماددى ۋە مەنىۋى كۈچ ئىنسان بولسۇن ، جىن بولسۇن ، بۇت بولسۇن ، قانۇن ــ تۈزۈم بولسۇن ، شەيتان بولسۇن ھەممىسى تاغۇتتۇر . ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ، بويسۇنغان ، قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئېتراپ قىلغان ، يوللىرىنى توغرا دەپ ماختاپ ، مەدھىيەلىگەن ۋە شۇلارغا خىزمەت قىلىپ چاپان ياپقان ھەرقانداق شەخس تاغۇتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى(قۇللىرى) بولۇپ ، (قىيامەت كۈنى) تاغۇتنىڭ سېپىدە قوپىدۇ . ھەرقانداق كىشى ھاياتىدىكى ئىشنىڭ توغرا ــ خاتالىقىنى ئايرىش ئۈچۈن ، اللەنىڭ ھۆكمى قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ھەدىستىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە ۋە قانۇن ھۆكۈم تەڭلىسە ، ئۇ تاغۇتقا ھۆكۈم تەڭلىگەن بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ ، ئۆزىنى«مۇسۇلمان»دەپ دەۋا قىلسا ، ئىسلامنىڭ پىرىنسىپىدا يالغانچىدۇر . ھەرقانداق ئىشتا دىنىنىڭ پىرىنسىپلىق مەسىلىلىرى ۋە تارماق مەسىلىلىرىدە اللەنى ھاكىم (باشقۇرغۇچى) قىلماي تۇرۇپ ئىمان دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى ئىمان ئەمەس . قانداق كىشى تاغۇتقا ھۆكۈم تەڭلەپ ئاپارسا ، ئۇ كىشى ئىسلام ئۆلچىمىدە تاغۇتنى رەب تۇتقان بولىدۇ . . . .» («فەتھۇلمەجىد»تىن ئېلىندى .)

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، الله ھەقىقى ئىلاھتۇر .ئىلاھ دېگەن:ــ كىشلەر ئۇنىڭدىن مۇتلەق ئەيمەنگەن ، ئۇلۇغلىغان ، قورققان ، ئۇنى ياخشى كۆرگەن ، ئۈمىد كۈتكەن ،

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغان، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورىغان، دۇئا قىلغان، ئۇنىڭدا مۇتلەق بولغان پايدا ــ زىيان يەتكۈزۈش ھوقۇقى بار دەپ ئېتىقاد قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلغان، ياخشى ــ يامانىنىڭ ئۆلچىمىنى بىكىتكەن، غەيىپنى بىلىدىغان، خالىغىنىنى قىلىدىغان، كەمچىلىكلەردىن يىراق بولغان زاتتۇر. بۇلار ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، كىمدە كىم بۇلارنىڭ بىرەرسىگە ھەرىكىتى، تىلى ياكى قەلبى ئارقىلىق ئۆزىنى ھوقۇقلۇق دەپ قارايدىكەن، ياكى «مەندە مۇشۇنداق سۈپەت بار.» دەپ دەۋا قىلىدىكەن، تاغۇت بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش پەقەتلا ھەممىنى ياراتقان، پەيدا قىلغان، تىرىلدۈرىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان، ھەممىنى ۋەيران قىلالايدىغان. . .ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان اللەقىلا مەنسۇپ. پەقەت اللەلا ھەقىقى ئىلاھ بولۇشقا لايىق. كىمدە كىم بۇ سۈپەتلەرنى دەۋا قىلىدىكەن، گەرچە ئاغزىدا ئېتىراپ قىلمىغىنى بىلەن يەنىلا خۇدالىق دەۋاسى قىلغان بولىدۇ. تاغۇت بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا الله توسقان ھەرقانداق چوڭ ياكى كىچىك ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان كىشى تاغۇت بولغان بولىدۇ. الله بۇيرۇغان ھەرقانداق چوڭ ياكى كىچىك ئىشنى چەكلىگەن كىشى شەكسىز تاغۇت بولغان بولىدۇ. كىمكى بىرەر ئىشتا بولسىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىدىكەن، اللەتىن غەيرىگە مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىدىكەن، تاغۇتنى ئېتىراپ قىلغان، ئىنكار قىلالمىغان، بويسۇنغان ۋە ئىبادەتنى اللەنىڭ غەيرىگە قىلىپ، اللەقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. مانا بۇ بىز ھەمىشە تەكرارلاۋاتقان «لااله الا الله» دېگەن گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. « لااله » (ھېچقانداق ئىلاھ يوق) دېگەن سۆز بارلىق ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىۋاتقان ساختا ئىلاھلارنى (يەنى تاغۇتلارنى) ئىنكار قىلىش، ئۇلارغا ھاياتىدا قىلچىلىك ئورۇن بەرمەسلىك توغرىسىدىكى ۋەدىدۇر. « الا الله » (پەقەت اللەلا بار) بولسا، پەقەت شۇ ھەقىقى ئىلاھ بولۇشقا سالاھىيىتى لايىق كېلىدىغان اللەنى ھاياتىدا بىردىنبىر ئىلاھ قىلىپ تىكلەش، يۇقارىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئىلاھلىق سۈپەتلىرىنى شۇ اللەقىلا خاس قىلىش، شۇ اللەقىلا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغىلا باش ئېگىپ، ئۇنىلا ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭدىنلا قورقۇپ، ئۇنىڭدىنلا ئۈمىد قىلىپ ياشاش توغرىسىدىكى قەسەمنامىدۇر.

# 1 ـ ئادا ـ جۇدالىق باياناتى

ھەر زامان ،ھەر ماكاندىكى تاغۇتلارغا . . . . . .

ھاكىم ،ئەمىر ،قەيسەر ،كىسرا ،پىرئەۋىن ،پادىشاھ ،زۇڭتۇڭ ،زۇڭلى ،رەئىس ۋە پىرزىدىنت

شەكلىدە بولغان ھەرقانداق تاغۇتلارغا . . . . . . . .

ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە ئازدۇرغۇچى مولللىرىغا . . . . . . . . . . .

ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ،قوشۇنلىرىغا ،ساقچىلىرىغا ،ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ۋە ئامانلىق

ساقلىغۇچىلىرىغا . . . . . . . .

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە . . . . . . . .

بىز شۇنى دەيمىزكى:

**إنا براء منكُم ومما تعبدونَ من دون الله**

**«بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز! . . . .»**

بىز سىلەرنىڭ سىبىق قانۇنلىرىڭلار ،پروگراممىلىرىڭلار ،دەستۇرۇڭلار ۋە پىرىنسىپلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز! . . . .

بىز سىلەرنىڭ سىبىسپ كەتكەن ھۆكۈمىتىڭلار ،سوت مەھكىمەڭلار ،شۇئارلىرىڭلار ۋە بايراقلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز! . . . . .

**كفَرنا بِكُم وبدا بيننا وبينكُم العداوةُ والبغضاء أبدا حتى تؤمنوا بِالله وحده**

**«بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق! .سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا سىلەر ھەتتا يېگانە اللەقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت ئاشكارا بولدى .»**

ئى رەببىم سەن مېنى قويساڭ گەر ھايات ،

دۈشمەنلىرىڭ زىيىنىغا قىلمەن جىھاد.
ئۇلارغا جەڭ قىلىش بولىدۇ يولۇم،
رەسۋا بولۇپ قولۇمدا چىكىدۇ پەرياد.

ئۆلۈپ كەت غەزەپتە ئى نىجىس تاغۇت،
سېسىق قەلبىڭ ۋە سىرىڭنى بىلىدۇ رەببىم.
چىدىماي قالغىن، ياكى يامان كۆر،
دىنىغا ياردەمنى بېرىدۇ رەببىم.

بىلىپ قوي!ھەقكە ھېچكىم بولالماس غالىب ،
ۋەيران بولار،گەر قوشۇلسۇن جىنلارمۇ كېلىپ.
( ئىبنى قەييۇم جەۋزى)

## 2 ـ مۇقەددىمە

چەكسىز ھەمدۇسانالار تەقۋادارلارنىڭ ئىگىسى،دىن دۈشمەنلىرىنى ياردەمسىز قويىغۇچى اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەلاغا بولسۇن......

ئەڭ پاك ۋە ياخشى رەھمەت ۋە سالام بىزنىڭ ئۆلگىمىز ۋە بىزگە:«اللە تائالا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك،مېنىمۇ دوست تۇتتى.»دېگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن......

مەقسەتكە كەلسەك،مەن بۇ « ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى»ناملىق كىتابىمنى يېڭى بىر شەكىلدە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇۋاتىمەن.بۇ كىتاب مەن ئۇنى نەشىر قىلىشقا تەييارلىماستا،بۇنىڭدىن بۇرۇن نەچچە قېتىم بېسىلغان،تارقالغان ۋە ئۇنىڭدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ياشلار پايدىلانغان ئىدى.بۇنداق بولىشى مەن ئۇنى ئىلگىرى پاكىستاندىكى ئالجىرىيەلىك بەزى قېرىنداشلىرىمغا قولىيازمامدىن بىر نۇسخا بەرگەن ئىدىم.شۇ ۋاقىتتا بۇ كىتابتىن پەقەت«تاغۇتلارنىڭ دەۋەت ۋە دەۋەتچىلەرگە قىلغان ھىيلە مىكىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرى» دېگەن بىر بۆلۈملا بار ئىدى.بۇ كىتاب تاماملىنالماستىن كۇنلەر ئۆتتۈەردى.شۇنىڭ بىلەن ئەشۇ قېرىنداشلىرىمىز ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە بۇ بۆلۈمنى بېسىپ تارقاتتى.مانا بۇ بۇ كىتابنىڭ ئەۋۋەل بېسىلىش ۋە تارقىلىشىنىڭ سەۋەبى بولدى.

ئاندىن اللە ئەززە ۋە جەللە ئۆزىنىڭ ئېھسانى ۋە پەزلى بىلەن مېنى تۇرمىدىن چىقارغاندىن كيىن ، بولۇپمۇ مەن تۇرمىدە ئۆتكەن ئۇزۇن مەھبۇسلۇق جەريانىمدا اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ كىتابقا بولغان غەزىبىنىڭ قاتتىقلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەندىن كېيىن مەن بۇ كىتابنى قايتا نەشىردىن چىقىرىشقا قاتتىق ئالدىرىدىم.دىن دۈشمەنلىرى ھەرقاچان بېرەر قېرىندىشىمىزنى قولغا ئالسا،ئەڭ ئاۋۋال بۇ كىتاب توغرىلىق سورايتتى.بۇ كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟،ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى تونۇيامسەن؟. دەيتتى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ بەزىسى«شۇنداق،ئوقۇغان.»دېسە،دەرھال:« مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ پىكرىڭنىڭ جىھادى ئىكەنلىكىگە ۋە سىنىڭ قولۇڭغا قورال ئالىدىغانلىقىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. بىز ھەرقانداق بىر قوراللىق تەشكىلاتنى قولغا ئالساق، چوقۇم ئۇنىڭ قىشىدىن بۇ كىتابنى تېپىۋاتىمىز!...» دەيتتى.

بۇ كىتابنى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ كېكىردەكلىرىگە سانجىلغان تىكەن، قەلبلىرىگە بىئاراملىق، كۆزىگە قادالغان مىخ قىلغان ﷲقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲتىن بىزلەرگە سائادەتنى، دىن دۈشمەنلىرىگە ھالاكەتنى ھەمراھ قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز.

بۇ كىتاب تۈنجى قېتىم بېسىلغاندىن تارتىپ، مەن مۇشۇ قۇرلارنى يازغانغا قەدەر، ماڭا بىرەر نەسھەت ياكى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. ۋە بۇ كىتاب توغرىسىدا ھەق ئاساسىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ بولىشىنى ئىزدىدىم. چۈنكى بەزى كىشىلەر بىز ۋە بىزنىڭ دەۋىتىمىز ۋە بۇ كىتاب توغرىسىدا تىل ئۇزارتتى. بىزلەرنى ھېچقاچان بىزلەردىن سادىر بولمىغان ئىشلار بىلەن تۆھمەت قىلىپ ئەيىبلىدى. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ بىرى كۈۋەيتتىكى بىر مەسچىتتە مۇنداق خۇتبىلەرنىمۇ ئوقۇدى. يەنى مەن پەقەت ئۆزۈمنى مۇشۇ زاماندىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىكى بىردىنبىر ئادەم دەپتىمىشمەن. ۋەيەنە بىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپىرغا چىقىرىپتىمىشمىز.. ۋە ئۇلار بىزنى ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار دەپ سۈپەتلىدى. ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلىرىگە مېنى ئەيىبلەپ بېرىدىغان توقۇلمىلارنى سۆزلەپ يۈرۈشتى.

ئەمما كۆزلىرى ۋەھيي نۇرى بىلەن نۇرلانغان ھەقنى ئىزدىگۈچىلەر بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك ئىكەنلىكىنى تونۇيتتى:

ئەگەر ﷲ پەزىلەتنى يايماقچى بولسا،

ھەسەتخورنىڭ تىلىنى قىلىدۇ تەقدىر.

ھەسەتخور ھەقىقەتنى غاجىغانسىرى،

ھەقىقەتنى ھەق ئىگىسى تاپىدۇ ئاخىر.

بۇ كىتاب نەشىر قىلىنغان ئۇزۇن مۇددەت جەريانىدا ھەسەتخور ۋە جاڭجاللاشقۇچىلارنىڭ، تەنە قىلغۇچىلار ۋە سەت كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ كۆپ بولىشىغا قارىماستىن، ماڭا بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە بۇ كىتاب توغرىلىق ياخشى بىر رەددىيە، ياكى

تەنقىد ۋە ياكى مۇلاھىزىلەر يىتىپ كەلمىدى.ماڭا يەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بەزى قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەيخلىرىدىن نەقىل قىلغان ئاغزاكى جاۋۇلداشلىرى ئىدى.ئۇلارنى يىغىپ ئېيتساق تۆۋەندىكىچە:

ـ ئۇلار مۇنداق دەپتۇ:«الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دىلى يۇمشاق،ھەلىم دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر قەۋمنى قوغداپ جىدەللەشكەن.مانابۇ سىلەر بۇ دىننىڭ مۇھىم پرىنسىپى دەپ بايان قىلغان كاپىرلارغا ئاداۋەت تۇتۇشقا زىت كېلىدىغان ئىشتۇر.»

ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەپتۇ:(ئۇلارنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىگە بەك ھەيرانمەن!!!) «يەنى بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىششكە بۇيرۇلغان.ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بولسا بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ شەرىئىتى.بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئەمەس.»

ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەپتۇ:«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بايان قىلىنغان سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ ئايىتى مەدىنىدە نازىل بولغان.بۇ مۇسۇلمانلارغا دۆلەت قۇرۇلۇپ بولغان باسقۇچتۇر.»ئۇلار مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن بۇ كاتتا دىن پەقەت دۆلەت بولغاندىلا ئاشكارا قىلىنىدۇ.

ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەپتۇ:«مەككىدە بۇت سۇندۇرۇش توغرىسىدىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىس.» ئۇلار بۇ ئارقىلىق بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە رەددىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەلكىم ئەقىللىق ئوقۇرمەن بىزنىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ ئەشۇ يارىماس ئۆسەك سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىشكە ۋاقتىمىزنى زايا قىلىۋتقانلىقىمىزنى تەنقىد قىلىۋاتسا كېرەك.لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئۆسەك سۆزلەر بىلەن يەنە باشقىلارنى ئازدۇرۇپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن قىسقىچە بىر رەددىيە بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن :

بىرىنچى:الله تائالانىڭ:**«ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە ئۇنىڭغا خوش خەۋەر يەتكەن چاغدا،ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى.ئىبراھىم بولسا،ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ،كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى**

**دىلى يۇمشاق) ،(ھەممە ئىشتا)ئاللەقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر.»**(ھود 74 ـ 75) ، دېگەن سۆزى توغرىسىدا:

بۇ ئايەتتە بىز رەددىيە بەرگۈچىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايدىغان ھېچقانداق بىر دەلىل يوق .مۇپەسسىرلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لۇتنىڭ قەۋمى توغرىلىق قىلغان مۇنازىرىسى پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولغانلىقىنى،ئۇنىڭ قەۋمى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. تەپسىرلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان ،ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ:«بىز بۇ شەھەرنىڭ ئەھلىنى ھالاك قىلىمىز» (ئەنكەبۇت 31) دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېگەن:

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەللىك مۇسۇلمان بولسا ،ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلامسىلەر؟.

پەرىشتىلەر: ياق .

قىرىق بولسىچۇ؟

پەرىشتىلەر:ياق .

يىگىرمە بولسىچۇ؟

ياق .

ئون ياكى بەش بولسىچۇ؟

ياق .

بىرسى بولسىچۇ

ياق .

ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:«**ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ؟ .دېدى. پەرىشتىلەر:«بىز شۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز(لۇت ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى) ئوبدان بىلىمىز.ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىدىن باشقا كىشىلەرنى ئەلۋەتتە قۇتقۇلدۇرىمىز.....»دېدى.»**(ئەنكەبۇت 32) ،

ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىشنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى ئۇنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىشتۇر. يۇقىرىدىكى ھود سۈرىسىنىڭ ئايىتىنى ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 32 ـ ئايىتى تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ.

مانا بۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنازىرىسىنىڭ پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىغا بولغان ھەقىقى چۈشەنچە ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولىشىدىن بۇرۇن ھىدايەت تېپىشىغا بولغان ھېسرىمەنلىك جەھەتتىن مۇنازىرلىشىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ.

توغرا چۈشەنچە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر مۇنازىرىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا دالالەت ئەمەسمۇ.الله تائالا تاغ پەرىشتىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ دەۋىتىگە قوشۇلماستىن،ئۇنى ئازابلىغان قەۋمى توغرىسىدا (ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا)ئۆزى خالىغانچە بۇيرۇق بېرىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ:«مەن اللەنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇمۇرتقۇلىرىدىن (يەنى ئۇرۇغىدىن) اللەقا ھېچ نەرسە شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن..» دېگەن ئىدى.(بۇخارى ۋە مۇسلىم)

پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئەدەپ ۋە ئۇلاردىن ياخشى گۇمان قىلىش مۇشۇنداق چۈشىنىش، ئۇلارنى ھېلىقىدەك بەزى ئايەتلەرنى بەزىسگە زىتلاشتۇرىدىغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى سەتلەشتۇرىدىغان، ئۇلارنى باتىلچىلارنى قوغدايدىغان ۋە ئۆزگە خىيانەت قىلغانلار ئۈچۈن مۇنازىرلىشىدىغان دەپ سۈپەتلەيدىغان پەلىپەتىش چۈشەنچىلەردىن پاك دەپ بىلىشنى تەقەززا قىلماسمۇ؟.

ئۇلار ئەمەلىيەتتە پەقەت شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن ئىدى..بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ باتىللىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرەر ئوچۇق دەلىل تاپالمىغاندىن كېيىن،ئۆزلىرىنىڭ نەپسلىرى ياخشى كۆرگەن گۇمانى دەلىللەرگە يۆلىنىۋاتىدۇ.ئۇلار مۇھكەم، ئوچۇق ۋە قەتئىي بولغان دەلىللەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇ گۇمانى دەلىللەرنى بۇزۇق چۈشەنچىلەر بىلەن تەئۋىل قىلىۋاتىدۇ.ئۇلار يوقىلاڭ گۇمانىي دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ يوققا چىقارماقچى بولغان مۇھكەم ئايەتلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر: **«ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگىدۇر.ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە:«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى**

www.uyghurkitap.com

**قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسەڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز. بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللەقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.»»** (مۇمتەھىنە **4**)، سەن اللە تائالانىڭ بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزلەرگە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقىغا.. .ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەكىتلەپ: **«سىلەرگە ۋە اللەنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۇلاردا(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا) ياخشى نەمۇنە بار.»** (مۇمتەھىنە **6**) دەۋاتقانلىقىغا... .ئاندىن بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ مۇستەھكەم ۋە ئوچۇق ئايەتلەردىن قانداق قېچىۋاتقانلىقىغا.. .ۋە يۇقىرىقى سۈرە ھودنىڭ ئايىتىگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالغانلىقىغا قارىغىن .ۋەھالەنكى اللە بۇ ئايەتنىڭ كەينىدە:«ئى ئىبراھىم! بۇنىڭ (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى توغرىلىق مۇنازىرىلىشىش)تىن يۈز ئۆرۈگىن .»دېگەن ئىدى .سەن بۇ كىشىلەرنى شەيتاننىڭ قانداق ئوينىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باق ۋە ئىلاھىڭغا سېنى ئېنىق ھەققە ھىدايەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقىن:

رەببىڭدىن قورقۇشتا ھەمىشە بولغىن،
خالىسا ،ئۇلارغا بولىسەن ئوخشاش.
بۇ قەلب رەببىڭنىڭ ئىلكىدە بىلگىن،
خالىسا، بۇزۇلۇپ بولىدۇ بەڭۋاش.

ئىككىنچى: ئۇلارنىڭ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىزدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىدۇر. بىزنىڭ يولىمىز ئەمەس ،دېگەن سۆزىدۇر.مانا بۇ ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك سۆزدۇر .ئۇنداقتا بۇلار اللە تائالانىڭ نە قەدەر ئوچۇق مۇنۇ سۆزلىرىنى نەگە ئاپىرىدۇ: **«ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگىدۇر.ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە:«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسەڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز.بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللەقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.»**( مۇمتەھىنە **4**) ،ۋە: **«سىلەرگە ۋە اللەنى ۋە ئاخىرەت**

**كۈننى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۇلاردا(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا) ياخشى نەمۇنە بار.كىمكى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلسۇنكى)اللە (ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر. (اللە) مەدھىيەگە لايىقتۇر.»** (مۇمتەھىنە **6**) ،

ئۇلار اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەگە ئاپىرىدۇ:«**ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان كىشىدىن باشقا كىممۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.**»(بەقەرە **130**) ،

ئۇلار اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەگە ئاپىرىدۇ: «**ئاندىن بىز ساڭا:«باتىل دىندىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن.ئۇ ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.»دەپ ۋەھيي قىلدۇق.**»(سۈرە نەھل **123**)،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە يولىنىڭ ئاساسىنىڭ كاپىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى،باتىل قانۇنلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەلىللەر ناھايىتى نۇرغۇن ۋە ئوچۇق.مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر.

بۇ ھەقتە «پەيغەمبەرلەر بىر ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.»دېگەن بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس بار. يەنى ئۇلارنىڭ دىنى،دەۋىتى ۋە يولىنىڭ يىلتىزى بىر.لېكىن شاخچە مەسىلىلەردە پەرقلىنىدۇ.بىز بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق نەرسە شېرىكتىن ئادا-جۇدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا دوست بولۇشنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت تەۋھىدنىڭ ئاساسىدۇر.ھەممىزگە مەلۇمكى،بۇ مەنسۇخ بولمايدىغان(يەنى ئەمەلدىن قالمايدىغان) ۋە «بۇ بىزدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئىتى» دېيىلمەيدىغان مۇھىم ئاساستۇر. چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەۋھىدتە ۋە شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن ئادا-جۇدا بولۇشتا شەرىئىتى(تۇتقان يولى) بىردۇر.

اللە تائالا مۇنداق دېدى:«**بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:«اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بۇلۇڭلار .»دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.**»(نەھل **36**) ۋە يەنە: «**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسگە: «مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.»دەپ ۋەھيي قىلدۇق.**»

(ئەنبىيا 25) ،ۋە يەنە :«**اللە سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى ، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا)بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى ،ئىبراھىمغا ،مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى .**»(شۇرا 13) ،

ئۈچىنچى:ئۇلارنىڭ:مۇمتەھىنە ئايىتى(4 ـ ۋە 6 ـ ئايىتى) مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى بولغان مەدىنىدە نازىل بولغان ،دېگەن سۆزىدۇر .

بىز ئۇلارغا شۇنداق دەيمىز .اللە تائالا بىزگە دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بېرىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن نېئمىتىنىمۇ تاماملاپ بولدى .كىمدە كىم بۇ مەككىدە نازىل بولغان، ئۇ مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ اللە نازىل قىلغان ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىنى ئايرىماقچى بولىدىكەن ،ئۆز كۆز قارىشىغا شەرئى دەلىل ئېلىپ كەلسۇن .ئۇنداق قىلالمايدىكەن ،ئۇ يالغانچىدۇر .اللە تائالا:«ئۇلارغا:«ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار دەلىلىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار .»دېگىن .»دېگەن .

ئەگەر ئۇ دەلىلسىز ۋە شەرئى پاكىتسىز بۇنىڭغا يول ئاچىدىكەن ،ئۇ اللەنىڭ دىنىغا يامانلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان بولىدۇ .چۈنكى بۇ ئورغۇنلىغان شەرئى دەلىللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار كاشكى ،«بۇ كاتتا يول(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى)نى ئاشكارا قىلىش ۋە جاكارلاش ئىمكانىيەتكە باغلىق ،» دېگەن بولسىمۇ مەيلىتى، لېكىن ئۇلار بۇ مەدىنە ئايىتى دېگەننى باھانە قىلىپ بۇ ئۇلۇغ يولنى ئۆلتۈرمەكچى بولىشۋاتىدۇ . ۋەھالەنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار بۇنى دېگەن ۋە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتتا ،ئۇلار ئاجىز بولۇپ ،ئۇلارنىڭ دۆلىتى يوق ئىدى .شۇنداق تۇرۇغلۇق اللە سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بىزلەر ئۈچۈن ۋە اللەنى ۋە ئاخىرەتنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى ئۈلگىنىڭ بارلىقنى بايان قىلدى .مەلۇمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ،ئۇنىڭ مەيلى مەككە بولسۇن ياكى مەدىنە بولسۇن پۈتۈن پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى تەۋھىدنى ۋە شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئۇنى ئەيىبلەش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىمانىنىڭ تۈتقۇلىرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى بۇنىڭغا گۇۋاھچىدۇر. بىز بۇ كىتابتا بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن مىساللارنى بايان قىلدۇق .

ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇمتەھىنە ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەن دەلىللىرىگە ماقۇل دەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ....

شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش(يەنى كافىرۇن)سۈرىسىمۇ مەدىنىدە نازىل بولغانمۇ؟؟.. يەنى«(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) ئى كاپىرلار......»دىن تارتىپ «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن مېنىڭ دىنىمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن»دېگەن ئايەتكىچە.

سۈرە «مەسەد»مۇ شۇنداق بولغانمۇ؟؟

يەنە شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ:«**ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (الله تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)، (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان ) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ،(سىلەرچە يامان ھېسابلانغان)قىز بالا اللهقا خاسمۇ؟. ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەتتۇر.الله بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك شۈبھىسىزكى ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇغلۇق ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدۇ.**»(نەجىم **19 ـ 22**) دېگەن ئايەتلىرىمۇ مەدىنىدە نازىل بولغانمۇ؟؟..

ۋە يەنە شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ:«**(ئى مۇشرىكلار!)ھەقىقەتەن سىلەر اللهنى قويۇپ ئۇلۇغلىغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر،سىلەر دوزاختا كىرىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ نەرسىلەر ئىلاھلار بولىدىغان بولسا، دوزاختا كىرمىگەن بولاتتى،(ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.**»(ئەنبىيا **98 ـ 99**) دېگەن سۆزىمۇ مەدىنىدە نازىل بولغانمۇ؟؟..

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەككە ئايەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن....

بىز بۇ كىتابتا الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق سۈپەتلەۋاتقانلىقىنى بايان قىلدۇق: «**كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان كىشى مۇشۇمۇ؟»**(دېيىشىپ)**سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.ھالبۇكى،ئۇلار مەرھەمەتلىك الله تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار**

www.uyghurkitap.com



قىلىشىدۇ.» (ئەنبىيا 36)، ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ:«يەنى بۇ ئىسلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلارنى تىللايدىغان ۋە دۆتكە چىقىرىدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.»

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر پەقەت مەدىنىدىلا نازىل بولغانمىكەن؟؟... بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ....

تۆتىنچى: ئۇلارنىڭ:«مەككىدە بۇت سۇندۇرۇش توغرىسىدىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىس.» دېگەن سۆزى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە رەددىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ.

بىز بۇنىڭغا ئەۋۋەل مۇنداق دەيمىز:بۇ ھەدىس ئىمام ئەھمەد مۇسنەدلىرىدە ئىسنادلىرى بىلەن كەلتۈرگەن سەھىھ ھەدىس.

ئابدۇللاھ دادىسىدىن،ئۇ ئەسباد ئىبنى مۇھەممەدتىن،ئۇ نۇئەيم ئىبنى ھەكىم مەدائىنىدىن، ئۇ ئەبى مەرمەيدىن ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:«مەن ۋە رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ قېشىغا باردۇق. رەسۇلۇللاھ ماڭا:«ئولتۇر،»دېدى ۋە مېنىڭ مۈرەمگە چىقتى.مەن ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچىدىم.ئۇ مېنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مۈرەمدىن چۈشۈپ كەتتى. ۋە ماڭا ئولتۇرۇپ بەردى.ۋە ماڭا: «مېنىڭ مۈرەمگە چىق.» دېدى.»ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ مېنى كۆتۈردى.مەن خۇددى ئەگەر خالىسام ئاسماننىڭ ئۇپۇققا چىقالايدىغاندەك ھېسياتتا ئىدىم.مەن ئاخىرى كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. ئۇنىڭدا بىر مىس بۇت بار ئىدى.مەن ئۇنى ئوڭ،سول،ئالدى ۋە كەينىدىن چېقىشقا ئورۇنۇپ كۆردۈم.ئاخىرى ئۇنىڭغا قادىر بولىۋېدىم، رەسۇلۇللاھ:«ئۇنى تاشلا!.»دېدى. مەن ئۇنى تاشلىدىم، ئۇ خۇددى ئەينەك سۇنغاندەك سۇندى.ئاندىن مەن يېنىپ چۈشتۈم. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىككەيلەن بىرەرسىنىڭ ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىزدىن يۈرۈپ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق.»

بۇ ھەدىسلىرىنىڭ راۋىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەسبات ئىبنى مۇھەممەد ئىشەنچلىك كىشى،

نۇئەيم ئىبنى ھەكىم مەدائىنى:ئۇنى يەھيا ئىبنى مۇئىن ۋە ئەجەلى ئىشەنچلىك دېگەن.

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىس نۇرغۇن شەكىللەردە يەنە تۆۋەندىكى راۋىيلار تەرىپىدىنمۇ

رىۋايەت قىلىنغان:

وقال عبد الله بن أحمد بن حنبل في المسند أيضاً (151/1): حدثني نصر ابن علي، ثنا عبد الله بن داود، عن نعيم بن حكيم، عن علي رضي الله عنه قال: "كان على الكعبة أصنام فذهبت لأحمل النبي ﷺ إليها فلم أستطع فحملني فجعلت أقطعها ولو شئت لنلت السماء".

وأورد الهيثمي الحديث في مجمع الزوائد (23/6) (باب تكسيره ﷺ الأصنام) وقال عقبة: (رواه أحمد وابنه أبو يعلى والبزار، زاد بعد قوله حتى استترنا بالبيوت: فلم يوضع عليها بعد؛ يعني شيئاً من تلك الأصنام) قال: (ورجال الجميع ثقات).

وقال الخطيب البغدادي في تاريخ بغداد (302/13، 303): حدثنا أبو نعيم الحافظ إملاء، حدثنا أبو بكر أحمد بن يوسف بن خلاد، حدثنا محمد بن يونس، حدثنا عبد الله بن داود الخريبي، عن نعيم بن حكيم المدائني، قال حدثني أبو مريم عن علي ابن أبي طالب، قال: "انطلق بي رسول الله ﷺ إلى الأصنام فقال: "اجلس" فجلست إلى جنب الكعبة ثم صعد رسول الله ﷺ على منكبي ثم قال: "انهض بي إلى الصنم"، فنهضت فلما رأى ضعفي تحته قال: اجلس، فجلست وأنزلته عني وجلس لي رسول الله ﷺ ثم قال لي: "يا علي اصعد على منكبي" فصعدت على منكبيه، ثم نهض بي رسول الله ﷺ، فلما نهض خيل إلي أني لو شئت نلت السماء وصعدت على الكعبة، وتنحى رسول الله ﷺ، فألقيت صنمهم الأكبر - صنم قريش - وكان من نحاس موتداً بأوتاد من حديد إلى الأرض، فقال لي رسول الله ﷺ: "عالجه" فعالجته فما زلت أعالجه ورسول الله ﷺ يقول: "إيه، إيه، إيه"، فلم أزل أعالجه حتى استمكنت منه، فقال: "دقه" فدققته وكسرته، ونزلت".

قلت: أبو مريم: هو قيس الثقفي المدائني، يروي عن علي وعنه نعيم بن حكيم، ذكره ابن حبان في الثقات، ووثقه النسائي، ولكنه كما قال الحافظ ابن حجر: "وهم في قوله أن أبا مريم الحنفي يسمى قيساً، والصواب أن الذي يسمى قيساً هو أبو مريم الثقفي.. إلى أن قال: على أن النسخة التي وقفت عليها من كتاب التمييز للنسائي إنما فيه أبو مريم قيس الثقفي نعم ذكره في التمييز.. وأما أبو مريم الحنفي فلم يذكره النسائي لأنه لم يذكر إلا من عرفه" اهـ.

والذين تكلموا في الحديث خلطوا بين الرجلين.. فتنبه لهذا.. وقد وثقه أيضاً الحافظ الذهبي في الكاشف (376/3) وذكره ابن أبي حاتم في الجرح والتعديل، والبخاري في التاريخ الكبير، ولم يذكر فيه جرحاً ولا تعديلاً.. فهو غير الحنفي وغير الكوفي أيضاً راجع ميزان الاعتدال (573/4).

والحديث صححه العلامة أحمد شاكر فقال في هامش تحقيقه للمسند (58/2): "إسناده صحيح، نعيم بن حكيم وثقه ابن معين وغيره وترجم له البخاري في التاريخ الكبير 99/2/4 فلم يذكر فيه جرحاً، أبو مريم: هو الثقفي المدائني، وهو ثقة وترجم له البخاري أيضاً (151/1/4) فلم يذكر فيه جرحاً... قال: ومن الواضح أن هذه القصة كانت قبل الهجرة" اهـ.

بىز ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەس دېگەن دەلىلىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا يەنە مۇنداق دەيمىز: شۈبھىسىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئاجىز ۋاقتىتىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ناھايىتى چىڭ

www.uyghurkitap.com



ئەگەشكەن ئىدى.ئۇ بىرەر لەھزە ھەم كاپىرلار بىلەن سۇلھىلەشمىگەن،ئۇلارنىڭ باتىللىرى ۋە ئىلاھلىرىغا سۇكۇت قىلمىغان.بەلكى شۇ مەككىدە تۇرغان ئون ئۈچ يىل بولسۇن، ياكى باشقا چاغ بولسۇن ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى:«**اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بۇلۇڭلار ...**»دېيىش بولغان.ئۇنىڭ ئەشۇ ئون ئۈچ يىلدا ئەشۇ بۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بۇ بۇتلارنى ماختىغانلىقى ياكى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماستىن، مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدالىقنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قوياتتى ۋە ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقنى جاكارلايتتى..

دېمەك مەسلە ئەشۇ كىشلەر گۇمان قىلىپ قالغاندەك بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپ ياكى سەھىھلىكىگە باغلىق ئەمەس.بەلكى بۇنىڭغا كاتتا دەلىللەر، ئېنىق پاكىتلار، ئىشەنچلىك ئاساسلار بار. بۇ مەسلىنى پەقەت چوڭچى ۋە تەكەببۇر كىشلا ئىنكار قىلىدۇ:

بىلىپ قوي!ھەقكە ھېچكىم بولالماس غالىب ،

ۋەيران بولار،گەر قوشۇلسۇن جىنلارمۇ كېلىپ.

بەلكىم ھىدايەتنى ئىرادە قىلغانلار ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك توختالساق كۇپايە قىلار.

الله تائالادىن دىنىغا ياردەم بېرىشنى،دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىلىشنى...

بىزلەرنى ھاياتلا قويىدىكەن،بىزنى بۇ يولنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىشنى، بىزلەرنى بۇ يولنىڭ ئەسكىرى ۋە جەڭچىسى قىلىشنى...بىزلەردىن ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلىشنى،ھاياتىمىزنى ئۇنىڭ يولىدىكى شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرىشنى... .سورايمەن.شۈبھىسىزكى،ئۇ الله كەرىملىك سېخى زاتتۇر.

ئەڭ ياخشى سالام ۋە رەھمەت پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ئەبۇ مۇھەممەد

اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئۇ اللە بارلىق ئىشتا ماڭا يېتەرلىك، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىگە بولغۇچى!

# بىرىنچى بۆلۈم

## 3 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ بايانى

اللە تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **«ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان كىشىدىن باشقا كىممۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟!.»**(سۈرە بەقەرە **130**)

اللە تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ئاندىن بىز ساڭا:«باتىل دىندىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى ئىبراھىمنىڭ دىنى(يولى)غا ئەگەشكىن. ئۇ ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.»دەپ ۋەھيي قىلدۇق.»**(سۈرە نەھل **123**)

اللە ئەززە ۋە جەللە مانا مۇشۇنداق ئوچۇق ۋە روشەنلىك بىلەن بىزلەرگە يول ۋە مەنھەجنى بايان قىلىپ بەردى....توغرا يول ۋە توغرا مەنھەج پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر.. بۇنىڭدا ھېچقانداق دۇغىلىق ۋە مۇجمەللىك يوق. كىمدە كىم دەۋەتنىڭ مەنپەئەتىنى ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇسۇلمانلارغا جاپا ۋە زىيان ئەكىلىدىغانلىقىنى، ياكى شەيتان ئىمانى ئاجىزلارنىڭ قەلبىگە تاشلىغان ھەرخىل قۇرۇق دەۋالارنى باھانە قىلىپ، بۇ يولدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ئەخمەقتۇر. ۋە ئۆزىنى دەۋەت ئۇسلۇبىغا اللە ئەززە ۋە جەللە ماختىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئالىمراق دەپ گۇمان قىلىپ ئۆزىنى ئالدىغۇچىدۇر. ۋەھالەنكى اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: **«بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلدۇق.»**(سۈرە ئەنبىيا **51**)، ۋە يەنە:**«ھەقىقەتەن بىز ئۇنى دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. ئاخىرەتتە ئۇ جەزمەن**

www.uyghurkitap.com

**ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ.»** (بەقەرە 130) دېدى. اللە ئەززە ۋە جەللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى بىزلەرگە ماختاپ بەردى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇدى.ۋە ئۇنىڭ يولىدىن ۋە مەنھەجىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى ئەخمەق دەپ سۈپەتلىدى.ئۇنداقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى زادى قانداق بولىدۇ؟. يېغىنچاق قىلىپ ئېيتقاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ـ ئىبادەتنى ـ ئىبادەت دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەنالىرى بىلەن ـ پەقەت يېگانە اللەقا خاس قىلىشتۇر. ①

①بەندە شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىگە قارشى تۇرۇشقا ،ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلغۇدەك جۇرئەتكە ئىگە بولۇشقا پەقەت اللەقا ھەقىقى ئىبادەت قىلىش ئارقىلىقلا قادىر بولالايدۇ.چۈنكى اللە ئەززە ۋە جەللە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى چاغدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ۋە كېچىدە قىيامدە تۇرۇشقا بۇيرۇدى.ۋە بۇنىڭ ئېغىر دەۋەت يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئوزۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.اللە ئەززە ۋە جەللە سۈرە مۇزەممىلدە كېچىدە تۇرۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:«**بىز ساڭا ھەقىقەتەن ئېغىر بىر سۆزنى(يەنى مۇشەققەتلىك دەۋەتنى يۈكنى)تاشلايمىز.»** (مۇزەممىل 5)،اللە تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان ئىدى:«**ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)، كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن. قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە،ئوچۇق) ئوقۇغىن.»** (مۇزەممىل 1 ـ 4).شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى كېچىدە قىيامدە تۇرۇشقا باشلىدى.ھەتتا پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى.بۇنى ھەتتا ئاخىرقى ئايەتلەردە يەڭگىللەشتۈرۈش ئايەتلىرى نازىل بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردى. شەك شۈبھىسىزكى،كېچىدە قىيامدا تۇرۇش ۋە اللە ئەززە ۋە جەللىنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش دەۋەتچى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوزۇق ۋە ياردەمچىدۇر.بۇ دەۋەتچىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە دەۋەتنىڭ مۇشەققەتلىرى ۋە ئازابلىرىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ. ئىبادەتنى اللە ئەززە ۋە جەللىگە خالىس قىلماي ۋە اللە ئەززە ۋە جەللىنى ئەسلەش ۋە تەسبىھ ئېيتىشنى كۆپ قىلماي تۇرۇپ،بۇ كاتتا دەۋەتنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە ئۆزلىرىنى قادىر دەپ ئويلايدىغانلار جەزمەن خاتالاشقۇچى ۋە خام خىيال قىلغۇچىلاردۇر.گەرچە ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ماڭالىسىمۇ، ھەرگىزمۇ ئوزۇق تۈلۈكسىز توغرا ۋە رۇس بولغان مەنزىلگە يېتىشكە قادىر بولالمايدۇ.شۈبھىسىزكى،ئەڭ ياخشى ئوزۇق ـ تەقۋالىقتۇر.اللە ئەززە ۋە جەللە بۇ دەۋەت ئىگىلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:«ئۇلار رەببىگە رەببىنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن ھالدا ئەتىگەن ۋە كەچتە دۇئا قىلاتتى.ئۇلار كېچىنىڭ ئازراقىدا ئۇخلايتتى....ئۇلار ياتاقلىرىدىن نېرى بولۇپ،رەببىگە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلاتتى... ئۇلار دەھشەتلىك ئېغىر كۈندىن قورقاتتى......» ۋە شۇنىڭدەك ئىنسان پەقەت شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمىگۈچە بۇ دەۋەتنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە يارىمايدىغان سۈپەتلەرنى بايان قىلدى.اللە تائالا بىزلەرنى ۋە سىزلەرنى شۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىگىلىرىدىن قىلسۇن!.ئاگاھ بولۇڭ !!!.

ـ شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن ئادا جۇدا بولۇش

ئىمام شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ يىلتىزى ۋە ئاساسى مۇنداق ئىككى ئىشتۇر:

بىرى:اللەنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇش .ۋە بۇ يولدا دوستلىشىش ۋە بۇنى تاشلىغانلارنى ئىنكار قىلىشقا قىزىقتۇرۇش .

ئىككىنچىسى:اللەنىڭ ئىبادىتىدە شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ،بۇ يولدا قاتتىق بولۇش ۋە دۈشمەنلىشىش ۋە بۇنى قىلغان كىشىلەرنى ئىنكار قىلىش .

مانا بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرغان تەۋھىدتۇر .مانا بۇ«لااله الاالله» نىڭ مەنىسىدۇر . يەنى الله ئەززە ۋە جەللىنى ئىبادەتتە يېگانە بىلىش ۋە ئىخلاس قىلىش ،ئۇنىڭ دىنىغا ۋە دوستلىرىغا دوست بولۇش ،اللەتىن باشقا ھەرقانداق مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىش ،ئادا جۇدا بولۇش ۋە اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىش تىن ئىبارەتتۇر .

مانا بۇ ئېتىقادى ۋە ئەمىلى تەۋھىدنى جۇغلاشتۇر .سۈرە ئىخلاس بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادى تەۋھىدىگە دەلىلدۇر .سۈرە كافىرون بولسا ئەمىلى تەۋھىدكە دەلىلدۇر .بۇ ئىككى سۈرىنىڭ زور ئەھمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى سۈرىنى بامداتنىڭ سۈننىتى ۋە باشقا نامازلاردا كۆپ ئوقۇيتتى .

## 4 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ھەرگىزمۇ سۆزلەپ قويسىلا بولىدىغان نەزەرىيىۋى تەۋھىد ئەمەس

ـ مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش:بەزىلەر بۈگۈنكى زامانىمىزدا تەۋھىد دەرسلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تونۇش بىلەنلا ـ باتىل ئەھلىگە سۈكۈت قىلىنىسمۇ ۋە ئۇلارنىڭ باتىللىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئاشكارا ئېلان قىلىنمىسىمۇ ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئەمەللەشتۈرۈش مەيدانىغا چىقىدۇ، دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ .

بىز شۇنداق كىشىلەرگە شۇنداق دەيمىز:ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى سىز ئويلىغاندەك بولىدىغان بولسا،ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قەۋمى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ دىنى تۈپەيلىدىن ئوتقا تاشلىمىغان بولاتتى.ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن بولسا،ئۇلارنىڭ بەزى باتىللىرىغا سۈكۈت قىلغان بولسا،ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى دۆتكە چىقارمىغان بولسا،ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلمىغان بولسا،الله يولىدا دوست بولۇش،ئادا ـ جۇدا بولۇش، ياخشى كۆرۈش،يامان كۆرۈش،دۈشمەنلىشىش ۋە ھىجرەت قىلىش بىلەن ئەمەلىيەتكە چىقالمايدىغان، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى بىلەنلا ئۆگىنىدىغان نەزەرىيىۋى تەۋھىد بىلەن كۇپايىلەنگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشكىلەر ئېچىلغان بولاتتى.ھەتتا ئۇنىڭغا خۇددى بىزنىڭ زامانىمىزدىكىدەك پەقەت نەزەرىيىۋى تەۋھىد ئۆگىتىلىدىغان مەدرىسلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار تەسىس قىلىنىپ بېرىلگەن بولاتتى.بەلكى ئۇنىڭغا «تەۋھىد ئۇنىۋېرسىتېتى»،«تەۋھىد مەكتىپى»«دەۋەت ۋە ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتى» . . . .غا ئوخشاش چوڭ لوزۇنكىلارنى ۋە ۋۋىسكىلارنى ئېسىپ بەرگەن بولاتتى.چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى.ۋە ئۇ مادامىكى تەتبىقلاشقا ۋە ئەمەلىيەتكە چىقمايدىكەن، ئۇلارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. مۇشۇنداق جامىئە،مەدرىس، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە فاكۇلتېتلار مىڭلاپ قۇرۇلۇپ كەتسىمۇ، ئىخلاس ۋە تەۋھىد ۋە دەۋەت پەنلىرى بويىچە دوكتور، ماگىستىرلار كۆپلەپ چىقىپ كەتسىمۇ،دىن دۈشمەنلىرى بۇنى ئىنكار قىلمايدۇ.بەلكى بۇنى تەبرىكلەيدۇ. ۋە بۇ «ئالىملار»غا ھەرخىل مەشھۇر نام،دىپلوم ۋە مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ.ئۇلار كاپىرلارنىڭ باتىللىرىغا،ئەھۋالىغا ۋە رىئاللىقىغا چېقىلمايدىكەن،مۇشۇنداق بۇزۇلغان ھالىتىدە داۋاملىشىدىكەن،ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ.

## 5ـ شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر

شەيخ ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇرەھمان «دۇرەرى سۇننىيە»دېگەن كىتابىدە

مۇنداق دەيدۇ:«بىر ئادەم مۇشرىكلارغا ۋە مۇشرىكلارغا دۈشمەنلىك قىلمىغان كىشىلەرگە[29] دۈشمەنلىك قىلماي تۇرۇپ، تەۋھىدنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. ئۇ تەۋھىدنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدى دېيىلمەيدۇ.»

شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامىمۇ ئەگەر ئىشنىڭ بېشىدا (ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلىشتىن پاك!) قۇرەيشنىڭ ئەقىللىرىنى دۆتكە چىقىرىش، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا قارشى چىقىش ۋە ئەيىبلەشتىن توختىغان بولسا، ئەگەر ئۇلات، ئۇززا، ۋە مانات... قاتارلىق مەبۇدلارنى ئەخمەققە چىقىرىدىغان، ئەبى لەھەب ۋە ۋەلىدكە ئوخشاش مۇشرىك كاتتىباشلارنى ئەيىبلەيدىغان، مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىن، مەئبۇتلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغان ئايەتلەرنى يوشۇرغان بولسا (ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلىشتىن پاك!)، ئەگەر ئۇ زادى شۇنداق قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان بولاتتى. ئۇ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆگىنىڭ ئىچ باغىرلىرىنى تاشلىمىغان، تەرجىمىھال كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان ئېغىر ئەرزىيەتلەر ئۇنىڭغا يەتمىگەن بولاتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيارلىرىدا ئەمىن ھالدا قالغان بولاتتى. دېمەك ئاللەنىڭ دىنىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ ئەھلىگە دوست بولۇش، باتىل ۋە باتىلنىڭ ئەھلىگە دۈشمەن بولۇش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارغا ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن دەۋەتنىڭ دەسلەپىدىلا پەرز قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ـ باشقا سەۋەبتىن ئەمەس ـ ئازاب، ئەرزىيەت ۋە سىناقلار كەلگەن.

شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق مۇنداق دەيدۇ:«ئەقىللىق ۋە ئۆزىگە ئىچى ئاغرىيدىغان كىشى قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنى ئەڭ شەرەپلىك زېمىن ـ مەككىدىن چىقىرىۋېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىش توغرىسىدا ئوبدان بىر ئويلىنىپ باقسۇن!. مەلۇمكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنى پەقەت ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى ئەيىبلەش ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئازغۇنغا چىقىرىشنى ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن مەككىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن بۇ ئىشلاردىن توختاشنى تەلەپ قىلدى ۋە چىقىرىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالدى. ھەتتاكى رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭ ساھابىلىرى

www.uyghurkitap.com

مۇشرىكلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىنىڭ قاتتىقلىقىدىن شىكايەت قىلدى.رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چىڭ تۇرۇشقا ۋە ئىلگىرىكى ئەرزىيەتكە ئۇچرىغان كىشىلەردىن ئۇلگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. ھېچقاچان ئۇلارغا: «سىلەر مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى ئەيىبلەش ۋە ئەقىللىرىنى دۆتكە چىقىرىشنى تاشلاڭلار.» دېمىدى.بەلكى رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ۋەتەندىن چىقىپ كېتىشنى تاللىدى.الله ئەززە ۋە جەللە بىزلەرگە كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەرگە ـ اللەنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۇمىد قىلىدىغان ۋە اللەنى كۆپ ئەسلەيدىغانلارغا ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ئۇلگىدۇر.»**(ئەھزاب 21)

## 6ـ تاغۇتلار بۇ دىندىن ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا دۈشمەنلىك قىلىشنى توختاتمىغۇچە ھەرگىز رازى بولمايدۇ

شۇنىڭدەك ھەرزامان ۋە ھەرماكاندىكى تاغۇتلار ھەرگىز ئىسلامدىن رازى بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلمايدۇ،ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەيدۇ،ئىسلام دىنى ئۇچۇن يېغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرمەيدۇ،ئىسلامنى كىتابلار ۋە ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىپ بەرمەيدۇ.پەقەت ئىسلام ئازغۇن دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدا مۆئمىنلەرنى دوست تۇتۇش، دىن دۈشمەنلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلارغا،ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا،قانۇنلىرىغا ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلىشتىن ئىبارەت ئەملى رېئاللىقىدىن يىراقلاشقان،قانتى سۇنغان مايماق، قارىغۇ دىنغا ئايلىنىپ قالغاندا،ئاندىن تاغۇتلار بۇ دىندىن رازى بولۇپ، بۇ دىن ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى مۇمكىن.(مەسىلەن: مەسجىد سېلىش، ئىسلامى ژۇرنال چىقىرىش،دىنى زاتلارنى تەربىيەلەش. لەرگە ئوخشاش.)

مانا بىز بۇ ھەقىقەتنى ئاتالمىش «سەئۇدى»دۆلىتىدە ئېنىق كۆرۈۋاتىمىز.بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ تەۋھىد ۋە تەۋھىد كىتابلىرىغا بولغان ئىلھام بېرىشى،ئۆزىنىڭ ئالىملارنى قەبرىكەشلىككە ۋە سوپىزمغا قارشى تۇرۇش،تۇمار ئېسىش،دەرەخ،تاش شېرىكلىرىگە ـ ئىشقىلىپ ھاكىمىيەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغان،ئۇنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان شېرىك قىلمىشلارغا ـ قارشى تۇرۇشقا قىزىقتۇرغانلىقى بىلەن

كىشىلەرنى ئالداۋاتىدۇ.مانا بۇ چاغلا تەۋھىد ھاكىملار ۋە ئۇلارنىڭ كۇفرانە تەختلىرىگە دەخلى يەتكۈزمەيدىكەن،چوقۇم ئۇ ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئىلھام بېرىش،يۆلەش ۋە ياردەملەرگە ئېرىشەلەيدۇ.....ئۇنداق بولمىسا، جۇھەيمان رەھىمەھۇللاھ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملارنىڭ تەۋھىدنى تولۇق بايان قىلغان كىتابلىرى قەيەردە؟.بۇ كىتابلارنى نېمىشقا ھۆكۈمەت يۆلىمەيدۇ ۋە قوللىمايدۇ؟.ۋەھالەنكى بۇ كىتابلاردا ئۇلار قوللاۋاتقان ئەشۇ كىتابلارنى ئىنكار قىلىدىغان مەزمۇنلار يوق ئىدى.ياكى بۇ ئۇ تاغۇتلارنىڭ مىجەزى،ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان،سىياسەت توغرىلىق سۆزلەيدىغان، ۋە دوستلۇق،ئادا ـ جۇدالىق، بەيئەت ۋە خىلاپەت توغرىلىق سۆزلەيدىغان تەۋھىدمۇ؟!. بۇنى تەپسىلي چۈشىنەي دېسىڭىز جۇھەيمان رەھىمەھۇللاھنىڭ «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» دېگەن رىسالىنىڭ يەتتىنچى رىسالىسىنىڭ 108 ـ 110 بەتلىرىگە قاراڭ.ئۇستازنىڭ بۇ مەسىلىدە ئېنىق توختالغانلىقىنى بايقايسىز.

## 7ـ ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە دىننى ئاشكارىلاشنىڭ مەنىسى

ئەللامە شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ«مۇرتەد ۋە شېرىك ئەھلىگە دوست بولۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى»ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنى شاھادەت كەلىمىسىنى دېيىشكە ،بەش ۋاقىت نامازنى مەسچىتتە ئوقۇشقا قادىر بولالىغانلىقىنى ـ گەرچە ئۇ مۇشرىكلار بىلەن ياكى مۇرتەدلەرنىڭ ماكانلىرىدا تۇرسىمۇ ـ دىننى ئاشكارىلىغانلىق دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار قاتتىق خاتالىشىۋاتىدۇ.بىلىپ قويغىنكى،كاپىر قىلغۇچى ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن كۇفرىنىڭمۇ ھەرخىل تۈرى بولىدۇ.ھەربىر كاپىر گۇرۇھنىڭ ئۆزىگە خاس كۇفرى ئالامىتى بولىدۇ.شۇڭلاشقا مۇسۇلمان بارلىق كاپىر گۇرۇھلارنىڭ مەشھۇر بولغان كۇفرى ئالامىتىگە قارشى چىقمىغۇچە ۋە ئۇلارغا ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلىپ،ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولمىغۇچە، ئۆز دىننى ئاشكارا قىلغان بولمايدۇ.»

ئۇ يەنە «دۇرەرى سۇننىيە»دە مۇنداق دەيدۇ:«دىننى ئاشكارىلاش دېگەن: كاپىرلارنى ئىنكار قىلىش، دىننى ئەيىبلەش، ئۇلارنى چۆشۈرۈش، ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلار بىلەن دوست ۋە مايىل بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىش بىلەن بولىدۇ.نامازنى ئوقۇپ قويۇشلا دىننى ئاشكارا قىلغانلىق بولمايدۇ.»

شەيخ سۇلايمان ئىبنى سەھمان مۇنداق دەيدۇ:

نېمە ئۇ دىننى ئاشكارا قىلىش،
پەقەت ئۇ كاپىرغا ئاشكارا تېنىش.
ئاداۋەت ئاشكارا ،غەزەپمۇ ئوچۇق،
كەتمەيدۇ بۇنىڭغا تەپەككۇر قىلىش.

قەلبىنىڭ غەزىپى قىلماس كۇپايە،
ئاشكارا قىلدىم دەپ قىلما تەنتەنە.
ئىزدىسەڭ كىرىشنى مۆئمىن سېپىگە،
ئاشكارا بىلدۈرۈش لازىمدۇر يەنە.

شەيخ ئىسهاق ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ:«الله كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوق قىلىۋەتكەن ۋە دىننى ئاشكارىلاشنى ئادەتتىكى ئىبادەتلەرنى قىلىش ۋە دەرسلەردىن چەكلەنمىگەنلىكى دەپ چۈشىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ دەۋاسى قۇرۇق باتىل دەۋادۇر. ئۇلارنىڭ دەۋاسى شەرئى ۋە ئەقلى جەھەتتىن ئىناۋەتسىزدۇر. خرىستىئان، مەجۇسىي ۋە ھىندى شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقانلار ئەشۇ باتىل ھۆكۈملەرگە ئىنكار قىلىشقا ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇيەردە ناماز،ئەزان ۋە مەدرىسە مەۋجۇت.»

الله مۇنداق دېگۈچىگە رەھمەت قىلسۇن:

لەببەيك دېسەڭ كەلگەندىلا ھالاۋەت،
ئەمەل قىلساڭ يوقالغاندا مۇشەققەت.
قالسا تاغۇت دۈشمەنلىرىڭ سالامەت،
بۇ دىن ئەمەس،بەلكى دىنغا ھاقارەت.

دىنىنىڭ ھۆلى دۈشمەنلىك ۋە مۇھەببەت،
قىلغىن دەيدۇ: زالىملارغا ئاداۋەت.
مۆئمىنلەرگە مۇھەببەتنى ئىزھار قىل،
شۇندا بولار ساڭا ھەمراھ سائادەت.

ئەبۇ ۋافا ئىبنى ئۇقەيىل رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر سەن شۇ زامان ئەھلىنىڭ ئىسلامنى بىلمەكچى بولساڭ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە، لەببەيك دەپ توۋلاشلاردا قىستىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىما! بەلكى ئۇلارنىڭ شەرىئەتنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلەشكەن ياكى بىرلەشمىگەنلىكىگە قارا. دىنىنىڭ قورغىنىغا ئىبسلغىن ۋە اللەنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىنى چىڭ تۇت. ۋە اللەنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە تەلپۈنگىن. اللەنىڭ قارشىلاشقۇچى دۈشمەنلىرىدىن قاتتىق ئىھتىيات قىل. شۇبھىسىزكى، اللەقا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققان كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىمكانىيەتنىڭ يەتكىنىچە قولى بىلەن، تىلى بىلەن قەلبى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر.»

## 8-اللەنىڭ دىنىغا دوست، اللەنىڭ دوستلىرىغا ياردەمچى بولۇش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچى مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش:يۇقىرىقى شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ مۇقابىلىسىدە يەنە بىر مۇھىم پرىنسىپ بار، يەنى: (اللەنىڭ دىنىنى ۋە دوستلىرىنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە بۇلارنى ئاشكارىلاش) مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرى بىرلىشىشى ۋە سەپلىرى چىڭ بولىشى كېرەك. مەيلى بىز ياخشىلىقتىن ئېزىپ كەتكەن تەۋھىدچى بۇرادەرلىرىمىزگە نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان يوللىرىنى تەنقىدلەشتە قاتتىق بولايلى. چوقۇم ئۇلار بىلەن دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. چۈنكى مۇسۇلمان ئۆچۈن خۇددى شەيخۇلئىسلام ئېيتقاندەك بىرى يەنە

بىرىنى يۆيىدىغان قولغا ئوخشايدۇ.كىرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بەزىدە قاتتىقراق بىر نەرسىگە موھتاج بولىمىز.چۈنكى بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىككى قولنىڭ سالامەت ۋە پاكىزە بولىشىدۇر.شۇڭلاشقا بىز ئۇلاردىن ھەرقانداق چاغدا بىر پۈتۈن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا رۇخسەت بېرەلمەيمىز.چۈنكى مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىنداشلىقىدا دىنىدىن يېنىش ۋە ئىسلامنىڭ دائىرىسىدىن چىقىشتىن باشقا ئىشلار ئۈزۈۋېتەلمەيدىغان ھەقلەر بار.الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بۇ ھەقنىڭ قىممىتىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيدۇ:«**ئەگەر (مۆئمىنلەرنى دوست تۇتۇش ،كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشتىن ئىبارەت) بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.**» (ئەنفال **73**) خاتالاشقان مۇسۇلمانىنىڭ باتىل ئىشلىرى ۋە بىدئەتلىرىدىن ئەسلى دوستلۇق ساقلاپ قېلىنىغان ئاساستا ئادا ـ جۇدا بولىنىدۇ.سىز زىناخور قاتارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلتۈرلۈشىنىڭ ھۆكمى بىلەن مۇرتەدلەرنىڭ ئۆلتۈرلۈشىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئوخشمايدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. بىز خۇددى ھازىرقى زاماندىكى ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىدىغان،لېكىن ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك مىزانى بۇزۇلغان نۇرغۇن كىشىلەر قىلىۋاتقاندەك ئەكسىچە ئىش قىلىپ تاغۇتلارنىڭ كۆزلىرىنى خۇرسەن قىلساق ۋە خوش قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.ئۇلار ئۆزىگە قارشى پىكىردە بولغان تەۋھىدچىلەرنى تىللاش ۋە ئۇلاردىن ئادا جۇدا بولۇش،ئۇلاردىن،ھەتتا ئۇلارنىڭ قېشىدىكى نۇرغۇن ھەقىقەتلەردىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتا چەكتىن ئاشتى.بۇ ئارقىلىق ھاكىملار ۋە ئەقىلسىزلەرنى ھەق دەۋەتچىلىرىگە قارشى كۈشكۈرتۈپ،مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان سېپىسىق گېزىتلەرنىڭ سەھىپىلىرى ئارقىلىق ھەقىقى تەۋھىدچىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.بۇ دەۋەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەشۇ ھاكىملار بىلەن ھەقىقى تەۋھىدچىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىگە باتىل تۆھمەتلەرنى چاپلاش، تاغۇتلارنىڭ ئۇلارنى باستۇرۇشى ئۈچۈن پەتىۋالارنى چىقىرىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ تاغۇتلار بىلەن شېرىكلىشىۋاتىدۇ.ئۇلار ھەقىقى تەۋھىدچىلەرنى: زالىم، خاۋارىج ۋە ئىسلامغا يەھۇدى،ناسارالاردىنمۇ خەتەرلىك... دەۋاتىدۇ.مەن ئۆز پىكرىگە قارشى پىكىردە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ تاغۇتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى تونۇيمەن.ئۇلار:بۇ جازا

ئۇلارغا لايىق! . . .دېگەندەك سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشمەكتە .ئۇلارنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان مۇشۇ سۆزلىرى ئۇلارنى ئۆزى تۇيماستىن يەتمىش گەز چوڭقۇرلۇقتىكى دوزاخقا چۈشۈرۋېتىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى ھە! ـ

## 9 ـ مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا دۈشمەنلىكنى ئاشكارا ئېلان قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر .

بىلگىنكى ،ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ ـ ھازىرقى زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر قىسقارتىۋەتكەن ،ھەتتا يوقىتىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ـ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

ـ مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئاشكارا ئېلان قىلىش .

ـ ئۇلارنى ،ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ،مەنھەجلىرىنى ،قانۇنلىرىنى ۋە شېرىك سىياسەتلىرىنى ئىنكار قىلىشنى ئېلان قىلىش .

ـ ئۇلارغا ،ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتلىرىگە ،كۇفرى ئەھۋاللىرىغا ئۇلار ھەتتا اللەقا قايتقۇچىلىك ۋە بۇ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىغۇچىلىك ۋە ئادا ـ جۇدا بولغۇچىلىك ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلىش .

الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان ئۈلگىدۇر .ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە:«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسەڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز .بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق .بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللەقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئوچۇق ئاشكارىدۇر .»** » (مۇمتەھىنە 4)

ئەللامە ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ:«الله تائالا مۆئمىنلەرنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن چەكلىگەن ۋاقىتتا ،ئۇلاردىن دۈشمەنلىششنى ،كاپىرلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ۋە ھەرقانداق ھالدا دۈشمەنلىكنى ئوچۇق ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلدى .»

شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:«اللە تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتتىكى«ئاشكارا بولدى»دېگەن سۆزى يەنى ئوچۇق بولدى،ئېنىق بولدى دېگەنلىكتۇر.سەن اللەنىڭ بۇ ئايەتتە دۈشمەنلىكنى ئۆچ كۆرۈشنىڭ ئالدىدا كەلتۈرگەنلىكىنى ئويلىنىپ باق.چۈنكى بىرىنچىسى ئىككىنچىسىدىن مۇھىم. ئىنسان مۇشرىكلارنى ئۆچ كۆرسىمۇ،ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا ئۇ ھەتتا ئۇنىڭدىن دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تولۇق ھاسىل بولمىغۇچە ۋاجىپنى ئادا قىلغان بولمايدۇ.چوقۇم بۇ دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئاشكارا ۋە ئوچۇق بولىشى كېرەك.بىلىپ قويغىنكى،ئۆچمەنلىك قەلبتىلا بولۇپ قالغان بولسا،بۇ ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ئالامەتلىرى ئاشكارا بولماي تۇرۇپ ئىنسانغا ھەرگىز مەنپەئەت بەرمەيدۇ. دۈشمەنلىك ئادا ـ جۇدا بولۇش بىلەن باغلانمىغۇچە بۇمۇ يەنىلا مەنپەئەتسىزدۇر.مۇشۇنداق بولالىغان چاغدا ئاندىن دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئاشكارا بولغان بولىدۇ.»

شەيخ ئىسھاق ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلارنى قەلب بىلەن ئۆچ كۆرۈش كۇپايە قىلمايدۇ.چوقۇم دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا قىلىش كېرەك. ـ ئۇ سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ 4 ـ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلدى ۋە ـ سەن بۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش كەتمەيدىغان بايانغا قارىغىن! .ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: « **بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئاشكارا بولدى**.....»دېدى.دېمەك دىنىنى ئاشكارىلاش دېگەن دۈشمەنلىكنى ئوچۇق بايان قىلىش،ئۇلارنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلاردىن بىر پۈتۈن ئايرىلىشتۇر.ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ ئاساسى قەلب، تىل ۋە بەدەن بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش بولغىنىدەك،دۈشمەنلىكنىڭ مەنىسىمۇ سېنىڭ ئۇلارغا قارشى بىر سەپتە تۇرىشىڭدۇر.مۆئمىنىنىڭ قەلبى كاپىرلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ھەرگىز خالىي بولالمايدۇ. لېكىن مەسىلە دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلىشتا.»

«فەتھۇل مەجىد»دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ نەۋرىسى شەيخ ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەن يۇقىرىقى مۇمتەھىنە ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىدىكەن،اللەتائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق مەقسەت قىلغان تەۋھىدنى ۋە

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسە ـ يەنى تەۋھىد ـ كە قارشى چىققان زىيانكار، ئەخمەق جاھىللارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇيالايدۇ. بىزنىڭ ئۇستازىمىز ـ يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب رەھىمەھۇللاھ ـ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنى تەۋھىدكە چاقىرغان ۋە ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى «پايدا ياكى زىيان سالالمايدۇ» دەپ ئەيىبلىگەندە، مۇشرىكلار بۇنى تىللاش دەپ چۈشەنگەن ئىدى.»، ئەگەر سەن بۇنى چۈشەنسەڭ، ئىنسان مۇشرىكلار بىلەن دۈشمەنلەشمىگۈچە ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئوچۇق ئېلان قىلمىغۇچە، اللەنى يېگانە دەپ تونۇپ ۋە شېرىكتىن قول ئۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ توغرا بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيسەن. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«سەن اللە ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنگەن بىر قەۋمنىڭ اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا قارشىلاشقان كىشىلەرنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن...»** (مۇجادىلە 22)، ئەگەر سەن بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن چېغىڭدا، دىننى دەۋا قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تېخى دىننى تونۇمايۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسەن. ئۇنداق بولمىسا، زادى قايسى نەرسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئازابلار، ئەسىر بولۇش ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا سەۋەبچى بولغان؟. ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ قېشىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مېھرىبانى ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇلارغا (ئازابتىن خالاس قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا) بىرەر رۇخسەت تاپالىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا رۇخسەت بېرەتتى. اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتنى قانداق نازىل قىلغانلىقىغا قاراڭ: **«بەزى كىشىلەر: «اللەقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. اللەنىڭ يولىدا بىرەر ئەرزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۆلپەتنى اللەنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ.....»** (ئەنكەبۇت 10)، تىلىدا مۇشرىكلار بىلەن مۇۋاپىقلاشقان كىشىلەر توغرىسىدا مۇشۇنداق ئايەت چۈشكەن يەردە. باشقا ئىشلاردا مۇۋاپىقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!...»، يەنى ھېچ ئەرزىيەت كەلمىسىمۇ، سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن دىن دۈشمەنلىرىگە مۇۋاپىقلاشقان، ئۇلارغا ياردەم بەرگەن، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنى يۆلەيدىغانلارنى قوغدىغان، ئۇلارغا قارشى چىققانلارنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!.....» اللە بۇ شەيخكە رەھمەت

قىلسۇن! .خۇددى ئۇ ھازىرقى زامانىمىزنى كۆرگەندەك سۆزلەۋاتىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللەتىف مۇنداق دەيدۇ:«بىلگىنكى، ـ الله سېنى ۋە بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرۈدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ـ بىر بەندىنىڭ ئىسلامى پەقەت الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۇشمەنلىرىگە دۇشمەنلىك قىلمىغۇچە ،دوستلىرىنى دوست تۇتمىغۇچە توغرا بولالمايدۇ.الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار ۋە قېرىندىشىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار.**»(تەۋبە **23**)

مانا بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر....مانا بۇ ئۇلارنىڭ دەۋىتى ۋە يولىدۇر.بۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ ھەممىسى دالالەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. بولۇپمۇ الله تائالانىڭ مۇمتەھىنە سۇرىسىنىڭ **4** ـ ئايىتىدىكى«**ئىبراھىم بىلەن بىرگە بولغانلار**.....»دېگەن سۆزى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنى نۇرغۇن مۇپەسسىرلەر«ئىبراھىمنىڭ دىنى ۋە يولىدا بولغان پەيغەمبەرلەر» دەپ تەپسىر قىلدى.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: «....مانا مۇشۇ دىنىنى ئاشكارا قىلغانلىق بولىدۇ.بۇ ھەرگىزمۇ بەزى بىلىمسىز كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك كاپىرلارنى ئۆز ھالىغا قويۇش ۋە كاپىرلارنىڭ ئۇلارنى ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئوخشىغان بەزى نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىش دىنىنى ئاشكارا قىلغانلىق ئەمەس.بەلكى بۇ ئېغىر خاتالىقتۇر.كىمكى مۇشرىكلارغا دۇشمەنلىك ۋە ئادا ـ جۇدالىقنى ئاشكارا قىلسا ،ھەرگىزمۇ ئۇنى خالىغانچە تاشلاپ قويمايدۇ.كۈچى يەتسىلا ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ ياكى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. خۇددى الله تائالا كاپىرلارنىڭ ماھىيىتى توغرىلىق بايان قىلىپ بەرگەندەك:«**كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە :«بىز سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چىقىرىۋېتىمىز ياكى سىلەر بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك.»دېدى**»(ئىبراھىم **13**)،الله تائالا يەنە شۇئەيىب ئەلەيھىسسالام توغرىلىق خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «**شۇئەيىپ قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى:«ئى شۇئەيىب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ(يەنى**

**ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز. ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»دېدى.»**(ئەئراف **88**)، الله تائالا يەنە ئەسھابۇل كەھفنىڭ مۆمىن سۆزىنى بىزلەرگە بايان قىلىپ بەردى:**«ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، مۇنداقتا ھەرگىز مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر.»** (كەھف **20**)، پەيغەمبەرلەر بىلەن قەۋملىرى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك پەقەت پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ دىنىنى تىللاش، ئەقىللىرىنى دۆتكە چىقىرىش ۋە ئىلاھلىرىنى ئەيىبلەشلەرنى ئاشكارا ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا كۈچەيگەن ئەمەسمۇ؟.

شەيخ سۇلايمان ئىبنى سەھمان سۇرە مۇمتەھىنەنىڭ مەزكۇر ئايىتىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى. الله تائالا بۇ دىن توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: **«ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان كىشىدىن باشقا كىممۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.»**(بەقەرە **130**)، شۇڭلاشقا ھەرقانداق مۇسۇلمانغا اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇش، ئۇلارغا بولغان ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلىش، ئۇلاردىن تولۇق يىراق بولۇش، ئۇلار بىلەن دوستلاشماسلىق، بىرگە ياشىماسلىق ۋە ئارىلىشىپ تۇرماسلىق پەرزدۇر.»

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:**«ئىبراھىم ئېيتتى:«سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ بۇلار مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى(مېنىڭ ئىگەمدۇر).»**(شۇئەرا **75 ـ 77**)

يەنە بىرئورۇندا مۇنداق دەيدۇ:**«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى:«سىلەر ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلەردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن. پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى(توغرا)يولغا باشلايدۇ.»**(زۇخرۇف **26 ـ 27**)

شەيخ ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دەيدۇ:«الله تائالا شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز

قىلدى .لېكىن بەزىلەر الله تائالا سۈپەتلەپ بەرگەندەك:«**زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن(بۇيرۇلغان)سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى .**» (بەقەرە 59)، ئۇلار دىن دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلاشتى ،ئۇلارغا ياردەم قىلدى . ئۇلاردىن مۆئمىنلەرگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى .دىن دۈشمەنلىرى ئۇچۇن مۆئمىنلەرنى يامان كۆردى ۋە ئۇلارنى تىللىدى .مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇددى قۇرئان ۋە سۈننەت كۆرسەتكەندەك ئىسلامنى بۇزىدىغان ئىشلاردۇر .»

## 10ـ شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە بولغان دۈشمەنلىكنى ئاشكارىلاش توغرىسىدىكى شۈبھىگە رەددىيە

ـ بۈيەردە بەزى ئالدىراڭغۇ كىشىلەر بازارغا سېلىۋاتقان بىر شۈبھە بار. ئۇ بولسىمۇ. ئۇلار: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئېلان قىلىش پەقەت دەۋەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بولىدۇ . ئۇنىڭ ئالدىدا چوقۇم ھېكمەت بىلەن يەتكۈزۈش ،چىرايلىقچە مۇنازىرىلىشىش بولىشى كېرەك . دەۋەتچى چوقۇم بارلىق يۇمشاق ۋە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبلارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مەئبۇتلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئىنكار قىلىش ،ئۇلارغا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا قىلىشتىن ئىبارەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا يۈزلىنىشى كېرەك .» دەۋاتىدۇ . بىز مۇنداق دەيمىز: ـ مانا بۇ شۈبھىلەر پەقەت ئەشۇ كىشىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى چۈشەنمىگەنلىكى ،دەۋەتنىڭ كاپىرلارغا دەسلەپتە تۇتىدىغان يولى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەرگە تۇتىدىغان يولىنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلىنىڭ كاپىرلارنىڭ باتىل شەرئەت ،يوللىرى ۋە مەبۇدلىرىغا تۇتۇش كېرەك بولغان مەيدانى بىلەن يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ پەرقىنى بىلەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىۋاتىدۇ . . . .ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ئىبادەتنى اللەقا خالىس قىلىش ، ئۇنىڭدىن باشقا مەئبۇداتلانى ئىنكار قىلىش كىچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىشتۇر .بەلكى دەۋەت مۇشۇنىڭ بىلەن باشلىنىش لازىمدۇر.چۈنكى بۇ «لاالە الاالله»كەلىمىسىنىڭ ئۆزى ئىچىگە ئېلىۋاتقان

مەزمۇن،دىنىنىڭ يىلتىزى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ يادروسىدۇر.شۇڭلاشقا سىزدىكى شۈبھىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى بىلىۋېلىشىڭىز زۆرۈردۇر:

## 11- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئادا- جۇدالىقنىڭ بايانى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ

### - بىرىنچى قىسىم:ئىبادەت قىلىنىۋاتقان تاغۇت ۋە بۇتلارغا ئاداۋەت قىلىش

بىرىنچى:اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلىنىۋاتقان بارلىق تاغۇت ۋە ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش.مانا بۇ مەسىلە ھەرگىز كىچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان، بەلكى يولنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىدۇر.

ئىككىنچى: مۇشرىكلار ئەگەر ئۆزىنىڭ باتىل ئىشلىرىدا داۋاملىشۋەرسە، ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش.

يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىنى مۇنداق تەپسىللەشتۈرىمىز:

بىرىنچى: تاشلاردىن بولغان بۇت،ياكى قۇياش،يا ئاي،يا قەبرە،يا دەرەخ، يا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن بولسۇن اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلىنىۋاتقان، بويسۇنىلىۋاتقان ۋە ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ھەرقانداق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ئىشنىڭ دەسلىپىدىلا مۇشۇ مەئبۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش،ئۇلارغا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا ئېلان قىلىش،ئۇلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈش، ئۇلارنىڭ ناقىس چولتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلاش....قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ. دەۋەتنى قەۋملىرىگە مۇنۇ سۆزدىن باشلىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى:«**اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار**،

www.uyghurkitap.com

تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار.»(نەھل 36)،الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەبەر بېرىپ ئېيتقان سۆزىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق: «ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ بۇلار مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر.پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ ئىگەمدۇر).»(شۇئەرا 75 ـ 77) «ئى قەۋمىم! مەن سىلەر شېرىك كەلتۈرۈۋاتقان نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن.»(ئەنئام 78) «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلەردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن.پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى(توغرا)يولغا باشلايدۇ.»(زۇخرۇف 26 ـ 27)

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى توغرىلىق مۇنداق دېدى: «(ئۇلار بايرىمىدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ) «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟.ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن.»دېدى.(ئۇلارنىڭ بەزىسى)«ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ياشنىڭ ئۇلارنى تىلغا ئالغانلىقىنى(يەنى ئەيىبلىگەنلىكىنى) ئاڭلىغان ئىدۇق.(يەنى شۇ قىلغان بولىشى مۇمكىن)»دېدى.» (ئەنبىيا 60)، مۇپەسسىرلەر «تىلغا ئالغانلىقى»دېگەننى «ئەيىبلىدى ۋە زاڭلىق قىلدى» دەپ تەپسىر قىلدى.قۇرئان ۋە سۈننەت مۇشۇنداق دەلىللەر بىلەن توشۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇتقان يولىمۇ بۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا كۇپايە قىلىدۇ.ئۇ قۇرەيشنىڭ ئىلاھلىرىنى دۆتكە چىقىراتتى ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشنى ئاشكارا ئېلان قىلاتتى.شۇڭا ئۇنى مۇشرىكلار «دىنىدىن چىققۇچى» دەپ ئاتايتتى.

ئەگەر سىز مۇشۇ دەلىللەردىن كېيىنمۇ يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر بىلمەكچى ۋە جەزم قىلماقچى بولسىڭىز قۇرئاندىكى مەككە سۈرىلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئايەت چۈشسىمۇ،ئۇنى شەرق،غەرب،شىمال ۋە جەنۇبقا تارقىتاتتى.بۇ ئايەتلەر بازارلاردا، مەجلىس ـ سورۇنلاردا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرەتتى.مانا بۇئايەتلەر ئەرەبلەرگە ئۇلارنىڭ چۈشىنىشلىك ئەرەب تىلىدا بايان قىلىناتتى. بۇ ئايەتلەر لات،ئۇززا ۋە ماناتلاردىن ئىبارەت شۇ زاماندىكى ئۇلارنىڭ ئەڭ

ئۇلۇغ ئىلاھلىرىنى دۆتكە چىقىرىشنى ۋە ئۇلاردىن ئادا ــ جۇدا بولۇش، ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىق، ئۇلارغا رازى بولماسلىقنى ئاشكارا ئېلان قىلاتتى.رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ يوشۇرمايتتى.چۈنكى ئۇ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىدى.

مۇشۇ زاماندا ئۆزىنى دەۋەت ئۈچۈن تەييارلاۋاتقانلار بۇ ئىشنى كۆپ مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۆزلىرىدىن كۆپ ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا بەك موھتاج.چۈنكى دەۋەت اللەنىڭ دىنىنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.شۇنداق تۇرۇغلۇق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دىنىنىڭ ئاساسىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ ئىشنى كەينىگە چۆرۈۋەتكەن بولسا، بۇ دەۋەتنىڭ پەيغەمبەرنىڭ يولىغا ئۇيغۇن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.بىز ھازىر ئەتراپىمىزدا توقۇلما قانۇن ۋە دەستۇرلارغا ھۆكۈم تەڭلەش شېرىكى كەڭ تارقالغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋەت ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بىناسىنى بۇ قانۇن ۋە دەستۇرلارنىڭ قىممىتىنى سۆكۈش،كەمچىلىكىنى كىشىلەرگە بايان قىلىش، بۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ۋە دۈشمەنلىك قىلىشنى ئاشكارا قىلىش ۋە كىشىلەرنى شۇنىڭغا چاقىرىش،ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىننى يۆگەۋاتقانلىقنى ۋە ئۇلار يۆگەپ بەرگەن دىننى چىڭ تۇتۇش بىلەن خۇرسەن بولغانلارغا بولسا ئىچىدە كۈلۈۋاتقانلىقنى بايان قىلىش..... لار بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئاساسىغا قۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ھەق قاچان ئاشكارا بولىدۇ؟!....كىشىلەر ئۆزى دىنىنى ھەقىقى رەۋىشتە قانداق تونۇيالايدۇ؟!....ھەق بىلەن باتىلنى،دوست بىلەن دۈشمەننى قانداق ئايرىيالايدۇ؟!... ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دەۋەتنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە زىيانغا ئۇچرىماسلىقنى ئۆزرە قىلىشىۋاتىدۇ!... ئويلاپ بېقىڭ! تەۋھىدنىڭ يوشۇرۇلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ دىنلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئارتۇق يەنە قانداق زىيان بار؟!.... ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇرغۇزۇش،اللەنىڭ دىنىغا دوست بولۇش ۋە تاغۇتلارغا دۈشمەن بولۇشنىڭ ئاشكارا بولىشىدىنمۇ ئارتۇق يەنە قايسى مەنپەئەت بار؟!....ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىنالمىسا،مۇشۇ يول ئۈستىدە قۇربانلىق بەرمىسە،يەنە قايسى نەرسە ئۈچۈن سىنىلىندۇ، قايسى نەرسە ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىدۇ؟!.....بارلىق تاغۇتلارنى

ئىنكار قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ بىرىمى(يەنى لائىلاھە ئىللەللاھ)نىڭ ھۆكمى بىلەن پەرزدۇر.بۇنى ئېلان قىلىش ،ئاشكارىلاش ،بايان قىلىش ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش ـ بۇ دەۋەتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە شوئارى سۈپىتىدە مەشھۇر بولىشى ۋە تارقىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان جامائىتى ياكى ھەرجامائەتتىن ئاز دېگەندە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئاشكارا قىلىشى زۆرۈر بولغان چوڭ پەرزدۇر.بۇ مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان چاغدىلا ئەمەس ،بەلكى مۇسۇلمانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز ،ھەممە ئۇلاردىن ئاگاھلاندۇرلىۋاتقان ، ئۇلار ئىلاھلىرىمىزغا قارشى چىقتى دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ئاجىز شارائىتلاردىمۇ شۇنداق بولغان. بىز بەك ئەجەبلىنىۋاتىمىز . . . ئەشۇ دەۋەتچىلەر مەنپەئەتى ئۈچۈن غەم يەۋاتقىنى قانداق دەۋەت؟ . ئۇلارنىڭ تۇرغۇزماقچى بولغىنى قانداق دىن؟ .ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى توقۇلما قانۇنلارنى ماختاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ ـ ۋاي ئېسىت! ـ ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇ قانۇنلارغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇۋاتىدۇ .بۇ قانۇنلارنىڭ ياخشىلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ .بۇ قانۇنلارنى ھۆرمەتلەش ، بايراقلىرىنى چىڭ تۇتۇشقا قەسەم قىلىۋاتىدۇ . ئۇلاربۇ قانۇنلارنى ئىنكار قىلىش ،دۈشمەنلىك قىلىشنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنىڭ ئورنىغا ، بۇ مەسىلىگە زىت ھالدا ئۇلارغا دوستلۇق ۋە رازىمەنلىكىنى ئىزھار قىلىۋاتىدۇ! . . .مۇشۇنداق كىشىلەر تەۋھىدنى تارقىتىپ ،دىننى تۇرغۇزالامدۇ؟ . بىز اللەقا شىكايەت قىلىمىز . . . .

## ـ ئىككىنچى قىسىم:مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئاداۋەت قىلىش

ئىككىنچى مەسىلە: مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ،ئۇلارنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى ئاشكارا ئېلان قىلىش ،

ئەللامە ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:« تەۋھىدنى اللەقا خاس قىلمىغان ، مۇشرىكلارنى الله يولىدا دۈشمەن تۇتمىغان ۋە ئۇلارغا ئاداۋەت قىلىش ئارقىلىق

ئاللەقا يېقىنچىلىق ئىزدىمىگەن كىشى چوڭ شىرىكتىن قۇتۇلالمايدۇ.» شەيخۇل ئىسلام مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى مۇشرىكلارنىڭ مەئبۇدلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن مۇھىم دەپ كۆرسەتتى.

شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق رەھىمەھۇللاھ اللە تائالانىڭ :«**بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز.**»دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە ئىنتايىن ئىنچىكە بىر نۇقتا بار.يەنى اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا اللەنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى اللەنى قويۇپ چوقۇنىلىۋاتقان باتىل مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ ئالدىغا قويدى. چۈنكى بىرىنچىسى ئىككىنچىسىدىن مۇھىم.چۈنكى بىر ئادەم باتىل ئىلاھلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلاردىن ئادا ـ جۇدا بولمايدىكەن، ھەرگىزمۇ پەرزنى بېجىرگەن بولمايدۇ.ئەمما مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ: «**(ئىبراھىم ئېيتتى) سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن...**» (مەريەم **48**)،مانا بۇ يەردىمۇ اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولۇشنىڭ ئالدىغا ئۇ چوقۇنغۇچىلاردىن يىراق بولۇش كەلتۈرۈلدى.ۋە يەنە:«**ئۇ(ئىبراھىم) ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى...**» (مەريەم **49**)،ۋە يەنە:«**(ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر...**» (كەھف **16**)، سىز مانا بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىر ئويلىنىپ بېقىڭ!.بۇ سىزگە اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇشتا كۆرسەتمە بېرىدۇ.نۇرغۇن كىشىلەر باركى،ئۇلاردىن شىرىك ئىشلار سادىر بولمايدۇ. لېكىن ئۇ شىرىك ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلمايدۇ.بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرگىز مۇسۇلمان بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى تاشلىدى.»(بۇيەردە شەيخ مۇشرىكلارغا قەلبىدە بولسىمۇ دۈشمەنلىك قىلمايدىغان،ھەتتا مۇھەببەت قىلىدىغان كىشىلەرنى مەقسەت قىلغان بولىشى مۇمكىن.اللە ئوبدان بىلگۈچىدۇر.)

شەيخ ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ:«كىشى شىرىكتىن

قۇتۇلۇپ، تەۋھىدنى ياخشى كۆرۈپ قىلىشى،لېكىن شېرىك ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە تەۋھىد ئەھلىنى ياخشى كۆرۈش،ئۇلارغا ياردەم بېرىشنىڭ بولماسلىقى بىلەن دىنىدا بىر كەمتۈكلۈك قويۇشى مۇمكىن.بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ نەپسىگە ئەگەشكەن ۋە شېرىكنىڭ بىر قىسمىغا كىرگەن،دىنىنى يىقىتقان،تەۋھىدنىڭ تەۋھىد ئۇنىڭسىز پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان مۇھىم بىر ئاساسىنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ الله ئۈچۈن ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە يامان كۆرمەيدۇ.ئۆزىنى پەيدا قىلغان ۋە بېجىرىم قىلغان زات ئۈچۈن دۈشمەنلەشمەيدۇ ۋە دوستلاشمايدۇ.مانا بۇ ھۆكۈم «لااله الاالله» دېگەن گۇۋاھلىقتىن ئېلىنىدۇ.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:«اللەقا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى اللەنىڭ مۇشرىك دۈشمەنلىرىگە نەپرەتلىنىش،ئۆچ كۆرۈش،دۈشمەنلىشىش ۋە جىھاد قىلىشتۇر.بەندە مۇشۇنىڭ بىلەن مۆئمىنلەرنى تاشلاپ،ئۇلارنى دوست تۇتۇپ قىلىشتىن ساقلىنالايدۇ.ئەگەر ئۇ بۇنداق قىلمىسا،دىن دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇش ئۇنىڭ دىنىغا چوقۇم زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىسلامنى يىقىتىپ تاشلايدىغان، ئۇنى ئاساسىدىن قومۇرۇۋېتىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەك.»

سۇلايمان ئىبنى سەھمان مۇنداق دەيدۇ:

كىمدە كىم مۇشرىكلارنى تۇتماس دۈشمەن،
ئۆز دىنىغا سالغان بولار ئۆزى كەتمەن.
ئەمەس ئۇ مۇھەممەدنىڭ سۈننىتىدە
بىلىپ قويسۇن توغرا يولدا ئەمەس ئىكەن.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دەيدۇ:«مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇشۇ مۆئمىن گۇرۇھقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش شەرتتۇر.بۇ ئارقىلىق ئۇ مۆئمىن گۇرۇھنى ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىدۇ ۋە تاغۇتلارنى قورقۇتىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تاغۇتلارغا قارشى چىققۇچى گۇرۇھتا ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلمىغۇچە دۈشمەنلىكىنى ئوبدان قىلغان بولمايدۇ.»

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ ئىككى ئوغلى ھۈسەيىن ۋە ئابدۇللاھتىن بۇ دىنغا كىرگەن، بۇ دىنىنىڭ ئەھلىنى ياخشى كۆرگەن،لېكىن مۇشرىكلار بىلەن

دۈشمەنلەشمىگەن ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلمىغان كىشى توغرىلىق سورالغاندا ،ئۇلار مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:«كىمدە كىم :«مەن مۇشرىكلار بىلەن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەيمەن. ئۇلارنى ئىنكار قىلمايمەن.»دېگەن بولسا ئۇ شەكسىز مۇسۇلمان ئەمەس.ئۇ خۇددى الله تۆۋەندىكى ئايەتتە سۈپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولىدۇ:«ئۇلار:«(پەيغەمبەرلەرنىڭ)بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىمىز.» دەيدۇ.ۋە(ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ)ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتماقچى بولىدۇ. **ئەنەشۇلار (ئىماننى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ)ھەقىقى كاپىرلاردۇر. بىز كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييار قىلدۇق.»(نىسا 150 ـ 151)**

سۇلايمان ئىبنى سەھمان مۇنداق دەيدۇ:

دۈشمەن بول مۇھەممەدكە دۈشمەن بولغانغا،
دوستى بول ھىدايەتكە ئىگە بولغانغا.
ياخشى كۆر مۆئمىننى الله يولىدا،
ئۆچ بول الله ئۇچۇن ئىسيانكارلارغا.
دىن نېمە؟ئەگەر ئۇ دوستلۇق بولمىسا،
دۈشمەنلىك بولمىسا يولدىن ئازغانغا.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

سەن راستلا اللەنى تونۇغان بولساڭ،
دۈشمەنلىك قىلىسەن ئاڭا تانغانغا،
بولىسەن ھەقكە دوست ئاشكارا مەخپى،
ياردەممۇ بەرمەيسەن كاپىر بولغانغا.

مەن مۆئمىن دەپ قويسا ھېساب بولمايدۇ،
ئەسلىگىن بار ئاڭا كۆپلىگەن شەرتلەر.
كۇفرىنى ئىنكار قىل ھەرقايسى جايدا،
ئۆگەتكەن بۇ شەرتنى ئايەت ۋە نەسلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۇفرىنىڭ ئەقلىنى دۆتكە چىقارغىن،
نامدىمۇ بىرلەشسۇن جىسمىدا پەسلەر.
تەۋھىدنى بايان قىل ئاشكارا ھالدا،
ئۇلارنى چاقىرغىن،بول ھەقكە ئەسكەر.
مانا بۇ توغرا دىن، مانا ھىدايەت،
ئىبراھىم يولىدۇر،بولساڭ گەر ئەسلەر.

تەبىئىيكى بىز مانا مۇشۇ دۇشمەنلىك ۋە ئادا ـ جۇدالىقنى ئاشكارىلاش ھەممە ئادەمگە ـ ھەتتا دىننى قوبۇل قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرۋاتقان ،اللەنىڭ دىنىغا دۇشمەنلىكنى ئىپادىلىمىگەن، قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزلىنىۋاتقان كىشىلەرگىمۇ ئومۇمىي دېمەيمىز .لېكىن بۇ ئۇلار شېرىكتىن پۈتۈنلەي تازىلانغۇچە قەلبتە چوقۇم ساقلىنىدۇ . باشتا اللەقا ئىتائەت قىلىشقا ھېكمەت بىلەن چىرايلىقچە چاقىرىلغان زالىم كىشىلەر ئەگەر بىزنىڭ دەۋىتىمىزغا ئاۋاز قوشسا ،دىننى قوبۇل قىلسا ،ئۇلار بىزنىڭ قېرىندىشىمىز بولىدۇ .ۋە بىز ئۇلارنى اللەقا بولغان ئىتائىتىنىڭ مىقدارىدا ياخشى كۆرىمىز .لېكىن ئۇلار ھۆججەتلەر ئاشكارا بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ باش تارتسا، چوڭچىلىق قىلسا ،ئۆزىنىڭ باتىل ۋە شېرىك ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرسا، اللەقا دۇشمەن بولىدىغان سەپتە چىڭ تۇرۇۋالسا ،ئۇلارغا چىرايلىق گەپ ۋە چىقىشىپ ئۆتۈش يوق .بەلكى ئۇلارغا ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە دۇشمەنلىكنى ئاشكارىلاش پەرز بولىدۇ .شۇڭا بۇيەردە مۇشرىك ۋە كاپىرلارنىڭ ھىدايىتىگە ھېرىس بولۇش ،دىنغا خىزمەت قىلىش ،يەتكۈزۈشتە يۇمشاق بولۇش ،ھېكمەت ۋە چىرايلىق ۋەز نەسىھەتلەرنى ئىشلىتىش بىلەن اللەنىڭ دىنىدىكى مۇھەببەت ،ئاداۋەت ،دوستلۇق ۋە دۇشمەنلىك مەسلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىش كېرەك .چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشتا ئارىلاشتۇرۋاتىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئى اللە قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، ئۇلار ئۇقمايدۇ .» دېگەن ھەدىسلەرگە ئوخشىغان شەرئى ئاساسلارنى مۇۋاپىق ئورۇندا چۈشۈنەلمەيۋاتىدۇ .»

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئۆزگە ئەڭ يېقىنى بولغان دادىسىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شېرىكى ۋە كۇفرىسىدا داۋاملىق تۇرىۋالدىغانلىقى ئايدىڭ بولۇۋىدى،

ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولدى .الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«ئۇنىڭغا(يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا)ئۇنىڭ(يەنى دادىسىنىڭ) اللەنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇۋېدى، دادىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى.»(تەۋبە 114)، بۇ ئىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى ھېكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەتلەر بىلەن دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولغان .«ئى ئاتا!ماڭا سەن بىلمەيدىغان بىلىملەر نازىل بولدى. ماڭا ئەگەشكىن. سېنى توغرا يولغا باشلايمەن.»(مەريەم 43)،«ئى ئاتا!مەن سېنىڭ مەرھەمەتلىك اللەنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن ،شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن.» (مەريەم 45)،مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ پىرئەۋىن بىلەن الله ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە مانا مۇشۇنداق بولغان .الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ۋە ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ،ياكى(ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن)قورقۇشى مۇمكىن.»(تاھا 44)، مۇسا ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن دەسلەپ يۇمشاق سۆز قىلدى:«ئۇنىڭغا:(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن)پاك بولۇشنى خالامسەن؟.سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟. (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن ـ دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن) دېگىن.» (نازىئات 18 ـ 19)، يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋىنگە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. پىرئەۋىننىڭ يالغانغا چىقىرىش ،دۈشمەنلىك قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ باتىلىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلىرى ئاشكارا بولۇۋېدى ،مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:«مۇسا:«(ئى پىرئەۋىن!) بۇلار(يەنى توققۇز مۆجىزە)نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى(مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن(گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە)ئوبدان بىلىسەن،مەن سېنى،ئى پىرئەۋىن! ھەقىقەتەن، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن» دېدى.» (ئىسرا 102) ۋە ھەتتا ئاخىرى مۇنداق دېدى: «مۇسا ئېيتتى:«ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋىنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتى دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى،تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەرگەن ئىكەنسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن ،شۇنىڭ بىلەن

**ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن.»(يۇنۇس 88)**،چىرايلىق سۆزلەش، يۇمشاق گەپ قىلىش،ئاسانلاشتۇرۇش توغرىسىدا كەلگەن دەلىللەرگە مۇتلەق يۆلىنىپ بۇ دەلىللەرنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويمايدىغان.ئەسلى ئىشلىتىش ئورنىدا ئىشلەتمەيدىغان كىشلەر بۇ مەسىلىدە ئوبدان بىر توختىلىپ بېقىشى،بۇنى ئوبدان تەپەككۇر قىلىپ، ياخشى چۈشىنىشى كېرەك.ئەگەر ئۇلار اللەقا ئىخلاسى بار كىشلەر بولسا.......

## 12-ھازىرقى زامان تاغۇت ھۆكۈمرانلىرىغا تۈشىدىغان مەيدان

ئۇلار يەنە مۇنداق بىر ئىشنى بىلىۋېلىشى كېرەك.يەنى بارلىق ۋە ھەرخىل يۇمشاق ۋە سىلىق ۋاستىلەر بىلەن دىن چۈشەندۈرۈلگەن،ئۇنىڭغا الله نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ كۇفرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان، ۋە ئۇمۇ اللەنىڭ شەرئىتىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلگەن... شۇنداق تۇرۇغلۇق سىرتىدا بىچارە دەۋەتچىلەرگە يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ،شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى ئەخمەق قىلىدىغان،ئەمەلىيەتتە چوڭچىلىق قىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ باتىلىدا داۋاملىشىدىغان،كۇفرى ۋە پاساتنىڭ شەھەرلەر ۋە كىشلەر ئارىسىدا كۆنسېرى ئەۋج ئېلىشىغا سۈكۈت قىلىدىغان ۋە بۇنى ئىقرار قىلىدىغان،مۇئمىن دەۋەتچىلەرگە بولسا قاتتىق تۇرىدىغان،ئىسلاھ قىلغۇچىلارنى قىستايدىغان ۋە ئۇلارنى ھەردائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغان... شۇۋاقتىنىڭ ئۆزىدە يەنە اللەنىڭ دىنىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغانلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغان،اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە بۇزۇقچىلىق ۋە پاسات ۋاستىلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا،ئۇلارنىڭ پاساتلىرى ۋە ئاتىزىملىرى ئۈچۈن تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان،ئۇلارنىڭ شېرىك،توقۇلما قانۇنلىرىغا قارشى تۇرىدىغان،ئىنكار قىلىدىغان، ئادا ـ جۇدا بولىدىغان ياكى كىشلەرگە ئۇنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان كىشلەرنى جازالايدىغان قانۇنلارنى چىقىرىدىغان،ئاشكارا كۇفرى بىلەن لىق تولغانلىقى ئېنىق بولغان ھاكىملارنىڭ كىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىشىدا چىڭ تۇرىدىغان،

بىلىپ تۇرۇپ اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكمىگە بويسۇنمايدىغان . . . .كىشىگە چىرايلىق سۆز قىلىش ، چىقىشىپ ئۆتۈش ،مەنسەپ نامىلىرى بىلەن ئاتاش ،ئۇلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىنى تەبرىكلەش ياكى ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىش ھەرگىز توغرا بولمايدۇ .بەلكى ئۇلارغا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار ئۆز قەۋمىگە ئېيتقاندەك:«بىز سەندىن ،سېنىڭ شېرىك قانۇن ۋە دەستۇرىڭدىن ،كۇفرى ھۆكۈمىتىڭدىن ئادا ـ جۇدامىز .بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق . بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھەتتا سىلەر اللەقا قايتمىغۇچە ،اللەنىڭ قانۇنىغا بويسۇنمىغۇچە دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئاشكارىدۇر .»دېيىش كېرەك . ۋە يەنە كىشىلەرنى ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن ،ئۇلارغا بويسۇنۇشتىن ،ئۇلارنىڭ كارۋېنىدا بىرگە مېڭىپ قېلىشتىن ، ئۇلارنىڭ باتىلىغا ياردەم بېرىدىغان ،ھۆكۈمىتىنى چىڭىتىدىغان ، قانۇنلىرىنى ساقلايدىغان ھەرخىل خىزمەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى كۆپەيتىپ قېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك .

## 13 ـ سىلەرنىڭ شەرىئەت تۇرغۇزۇلغان زامانلاردىكى زالىم ئەمىرلەرگە تۇتقان مەيدانى

## 14 ـ دەۋەتنىڭ بايدىسىغا قىزىقتۇرۇشتىكى شەيتاننىڭ ئالدىشى

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتىدىكى ئەمىرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى كەسكىن ۋە ساپ بولغان . ـ ۋەھالەنكى ئۇچاغدىكى ئەمىرلەر بىلەن ھازىرقى تاغۇتلارنى ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ـ قېنى ھازىرقى زامانىمىزدىكى دەۋەتچىلەرنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك كەسكىن مەيدانلىرى! .ۋەھالەنكى بۇ دەۋەتچىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى سەلەپ ئالىملارغا قارىغاندا بەكراق نام قازاندى ،ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ .ئۇ

www.uyghurkitap.com

سەلەپ ئالىملىرى بۇ «دەۋەتچىلىرىمىز»گە ئوخشاش قانۇن ۋە سىياسەت فاكۇلتېتلىرىنى پۈتتۈرمىگەن ،دۈشمەنىنىڭ «ھىيلىسىنى بىلمىز» دېگەننى باھانە قىلىپ ،سىيىسق ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىمۇ ئوقۇپ باقمىغان ،شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سۇلتانلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن قاچاتتى .سۇلتانلار بولسا ئۇلارنى ئىزدەيتتى ۋە مال ـ مۈلۈكلەر ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۆزىگە تارتماقچى بولاتتى .ئەمما بۈگۈنكى ئۆزىنى سەلەپلەرگە نىسبەت بېرىۋاتقان ،لېكىن دىننى شەيتان ئالدىۋەتكەنلەر دىنىنىڭ بۇزۇلۇشى بەدىلىگە دۇنياسىنىڭ ياخشىلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ .ئۇلار سۇلتان ئەمىرلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدىن كەتمەيدۇ. لېكىن سۇلتانلار ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئۇلارنى خار قىلىۋاتىدۇ .سەلەف ئالىملىرى زالىم ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىشتىنمۇ چەكلەيتتى .ھەتتا ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ،يامانلىقتىن توسۇشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنىمۇ توساتتى .ئۇلار دىنىغا زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغان .چۈنكى ئۇلار زالىم ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرسە ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ بەزى باتىللىرىغا سۈكۈت قىلىش ... قاتارلىق ئىشلار سادىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .شۇڭا ئۇلار ئەمىرلەردىن يىراقلىشىشنى ئۇلارنىڭ ناچار ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ئىنكار ۋە ئادا ـ جۇدالىق دەپ تونۇيتتى .سىز سوفيان سەۋرى (سەلەفلەرنىڭ مەشھۇر ئالىمى) نىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ .ئۇئۇبباد ئىبنى ئۇببادقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئەمىرلەر بىلەن يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ياكى بىرەر ئىشتا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلان .ۋە ساڭا:«سەن ئەمىرلەرگە يېقىنلىشىش ئارقىلىق مەزلۇملارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىسەن ۋە قوغدايسەن ياكى زۇلۇمنى ئازايتىسەن .»دېيىلىشىدىن ساقلان .شۈبھىسىزكى بۇ شەيتاننىڭ ئالدىشىدۇر ... بۇنى پەقەت بۇزۇق ئالىملار شوتا قىلىۋالىدۇ .» سىز سوفيان سەۋرىنىڭ بۇ سۆزىگە قاراڭ! . ئۇ بۈگۈنكى دەۋەتچىلەر«دەۋەتنىڭ پايدىسى»دەپ سۈپەتلەۋاتقان نەرسىنى «شەيتاننىڭ ئالدىشى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ دوستىغا ـ خۇددى زامانىمىزدىكى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قۇچىقىدىن دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە دىنىنىڭ نۇسرىتىنى تاما قىلىش بىلەن ئۆمۈرلىرىنى زايە قىلىۋاتقان كۆپلىگەن دەۋەتچىلەر قىلىۋاتقاندەك ـ : «ئى قېرىندىشىم!!

ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت.ئۇلار(باشلىقلار)غا يېقىنلاش. سەن ۋەزىرلەر مەجلىسى ياكى دۆلەت مەجلىسىدە بىرەر مەنسەپ ياكى ئورۇنغا ئىگە بولساڭ، زۇلۇمنى ئازايتىشىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈڭ مۇمكىن.ۋە بۇ خىزمەتنى ھەرگىزمۇ ئاسىي فاجىرلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىشىغا تاشلاپ بەرمە..... ۋە ..... ۋە .....» دېمىدى.بەلكى بۇنى بۇزۇق ئالىملارنىڭ دۇنياغا ئېرىشىشتىكى شوتىسى ـ ۋاستىسى دەپ سۈپەتلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ ئەمىرلەر كاپىر بولمىغان شۇ زامانىسىدە شۇنداق دېگەن بولسا ،بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدا ئەھۋال نېمە بولىشى كېرەك؟! . اللەتىن ئەپۇ سورايمىز.اللەقا سېغىنىپ بۇ زامان ئەھلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئالداشلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. اللە مۇنداق دېگەن كىشىگە رەھمەت قىلسۇن:

بۇ مەجلىسكە كېلەر ئۇلار يۇگرىشىپ ،
جىنايەت ۋە كۇفرىغا لىق تولسىمۇ.
قۇرئان ھاكىم بولىشىنىڭ ئورنىغا ،
كۇفرى قانۇن يولىيورۇقلار بەرسىمۇ.
ھەي جامائەت ۋەيران بولۇپ كېتىڭلار ،
مۆئمىن تۇرۇپ كۇفرىغا باش ئەگدىڭلار.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب سوفيان سەۋرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ناھايىتى كۆپ تەكرارلايتتى، يەنى: «كىمكى بىدئەت ئەھلى بىلەن بىرگە تۇرىدىكەن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرسىدىن قۇتۇلالمايدۇ:

ـ يا ئۇ بۇ بىدئەتچى بىلەن بىرگە يۈرىشى بىلەن باشقا كىشىلەرگە پىتنە بولىدۇ. (باشقا كىشىلەر ئۇنىڭ بىدئەتچى بىلەن بىرگە يۈرگىنىگە قاراپ:«ئەگەر بۇ بىدئەتچىنىڭ قىلغىنى يامان ئىش بولغان بولسا بۇ سالىھ كىشى ھەرگىزمۇ بۇنىڭ بىلەن ئارىلاشماس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قىلغىنى بىدئەت ئەمەس ئوخشايدۇ.»دەپ، بىر قىسىم بىدئەت ئىشلارنى ئىنكار قىلالماسلىقى مۇمكىن.) ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى:«كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويىدىكەن،ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ ئەجرى ۋە بۇئىشقا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرى ئۇلاردىن كېمەيتىلمەستىن تولۇق بېرىلىدۇ.كىمكى

يامان ئىشتىن بىرنى يولغا قويىدىكەن، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ گۇناھى ۋە بۇ ئىشقا ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھى ئۇلاردىن كېمەيتىلمەستىن پەيدا قىلغۇچىغا بولىدۇ.»(مۇسلىم رىۋايىتى)

ـ ياكى بۇ ئىشنى ئۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.بۇ ئىش ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە بۇ سەۋەبلىك دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.

ـ ياكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن كارىم يوق.مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن.» كىمكى ئۆزىنىڭ دىنىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋاقىت خاتىرجەم بولىدىكەن، الله ئۇنىڭدىن دىننى تارتىۋالىدۇ.....»

مانا بۇ بىدئەتچىلەر بىلەن بىرگە تۇرغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز بولسا ـ ۋەھالەنكى، بۇ بىدئەتچىلەرنىڭ بىدئەتلىرى كۇفرى قىلغۇچى بىدئەت ئەمەس ئىدى ـ قانۇنىنىڭ غالچىلىرىدىن بولغان مۇشرىك مۇرتەدلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى نېمە بولار؟!.سىز ئۇچىنچى سۆزدىكى «مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن» دېگەن سۆزنى ئويلاپ بېقىڭ.مۇشۇ سۆز تۇپەيلىدىن زامانىمىزدىكى قانچىلىغان دەۋەتچىلەرنىڭ ئېزىپ كەتمىدى!....اللەتىن ئىمانىمىزغا سالامەتلىك تىلەيمىز.

الله تائالا ئەگەشكۈچىلىرى بۇنىڭ كەينىدە دىن ئۈچۈن نۇسرەت بار دەپ خام ـ خىيال قىلىۋاتقان مايماق يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى.الله ئەززە ۋە جەللە زالىملارغا يېقىنلىششىنىڭ نۇسرەت ياكى دىنى مەنپەئەتنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلدى. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قېرىتىۋەتكەن سۈرە ھود تا(بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئەملى مىساللار ئارقىلىق بايان قىلغاچقا بۇ رەسۇلۇللاھنى قېرىتىۋەتكەن.) مۇنداق دەيدۇ:«**زالىملارغا مايىل بولماڭلار،(مايىل بولساڭلار) دوۋزەخ ئازابىغا قالىسىلەر،سىلەرگە اللەتىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى يوقتۇر.ئاندىن كېيىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.**»(ھود **113**)،بۇنداق تاغۇتلار بىلەن ياغلىشىپ ئۆتۈشتە ۋە مايماق يوللارنىڭ ئارقىسىدا اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن ھېچقانداق نۇسرەت ۋە مەنپەئەت مەۋجۇت ئەمەس.گەرچە بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىدىغانلار شۇنداق شېرىن

55

خىياللارنى سۇرسمۇ.....بۇ يوللارنىڭ كەينىدە پەقەت دوزاخ ئازابى بار....ئى قېرىندىشىم! ئۇيقۇڭدىن ئويغان...سەن بۇ ۋالاقتەگكۈر گەپدانلارغا ھەرگىز ئالدانمىغىن.

## 15- زالىملارغا مايىل بولۇشنىڭ مەنىلىرى

- مۇپەسسىرلەر «زالىملارغا يۆلەنمەڭلار»دېگەن ئايەتتىكى يۆنىلىشنى مايىللىق دەپ تەپسىر قىلدى.

- ئەبۇ ئالىيە مۇنداق دەيدۇ:«بۇ دېگەنلىك سىلەر ئۇلارغا مۇھەببەت ۋە سىلىق سۆز قىلىش بىلەن قىلچىلىكمۇ مايىل بولماڭلار،دېگەنلىكتۇر.»

- سوفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:«كىم ئۇلارغا سىياھ ئېزىپ بەرسە ياكى قەلىمىنى ئۇچلاپ بەرسە،ياكى قەغەز سۇنۇپ بەرسە مايىل بولۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.»

- شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق مۇنداق دەيدۇ:«الله ئەززە ۋە جەللە دۈشمەنلىرىگە گەرچە بىر ئېغىز يۇمشاق سۆز بىلەن بولسىمۇ مايىل بولغانلارغا دوزاخ ئازابى بىلەن تەھدىت سالدى.»

شەيخ ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان(ئۇ نەجدىنىڭ سەلەف ئىماملىرىنىڭ بىرى)«مايىل بولۇش»نىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى بايان قىلغاندىن كىيىن مۇنداق دېدى:«بۇنداق بولىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى شېرىك گۇناھى ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.ئەگەر ئۇنىڭغا اللهنىڭ ئايەتلىرىنى زاڭلىق قىلىش،ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە ھۆكۈملىرىنى تاشلاش،ئۇنىڭغا قارشى ۋە زىت كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئادالەت دەپ ئاتاش قوشۇلسا ئەھۋال قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتەر ؟!... بۇنىڭ كۇفرى،جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى الله،ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر ئوبدان بىلىدۇ.كىمدە ئازراق بولسىمۇ غۇرۇر ۋە قەلبىدە بىر ھاياتلىق بولىدىكەن،چوقۇم الله ئۈچۈن، اللهنىڭ رەسۇلى

ئۇچۇن ، اللەنىڭ كىتابى ۋە دىنى ئۇچۇن كۇندەشلىك قىلىدۇ. اللەنىڭ دىنىنى زاڭلىق قىلغانلارغا ھەرقانداق سورۇن ،ھەرقانداق جايدا قاتتىق ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئاد ـ جۇدا بولىدۇ .مانا بۇ ،كاپىرلار بىلەن ئەمىلى جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنىڭ بىرىدۇر .سەن چوقۇم اللەنىڭ دىنىنى ئاشكارىلاشنى ،ئۇنى ئەسلىتىشنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان نەرسىلەرنى ئەيىبلەش ، ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى چىڭ تۇت . ئەشۇ چوڭ بۇزۇقچىلىقلارغا سەۋەبچى بولىۋاتقان ۋاستىلەرگە دىققەت قىل .اللەنىڭ بۇ ۋاستىلەرنى چەكلەشتىكى بۇيرۇقلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باق .نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن ۋە بۇنىڭ ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولىۋاتقان بولسىمۇ ،لېكىن ئۇلارغا دوست بولغانلارغا يانتاياق ، ئۇلپەت بولۇپ ،ئۇلارنى قوغداۋاتىدۇ .ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىن .»الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! .ئۇ خۇددى بىزنىڭ زامانىمىزنى كۆرگەندەكلا سۆزلىگەن ئىكەن .

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دەيدۇ:«ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر دىنىڭلارنىڭ يىلتىزىنى ،ئەۋۋىلىنى ،ئاساسىنى ۋە بېشىنى چىڭ تۇتۇڭلار . بۇ «لااله الاالله» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر .سىلەر بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىڭلار . ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ياخشى كۆرۈڭلار .ئۇلار گەرچە سىلەردىن نەسەب جەھەتتىن يىراق بولسىمۇ ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا قېرىنداش دەپ بىلىڭلار. بارلىق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىڭلار،ئۇلارغا دۈشمەنلىشىڭلار ۋە يامان كۆرۈڭلار. ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن ،ياكى ئۇلارنى ئاقلىغان ، ياكى ئۇلارنى ئىنكار قىلمىغان ، ياكى «مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئىشىم يوق» دېگەن ،ياكى «الله مېنى ئۇلار توغرىسىدا ھېچنەرسىگە تەكلىپ قىلغىنى يوق»دېگەن كىشىلەرنى يامان كۆرۈڭلار . چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن بۇ ئارقىلىق اللەقا ئاشكارا يالغاننى توقۇدى .ئەمەلىيەتتە الله تائالا ھەممە مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنى يامان كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارغا دۈشمەن بولۇش ،ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى پەرز قىلىپ بېكىتتى . گەرچە بۇ كاپىرلار ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ياكى باللىرى ۋە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ . . . . مۇشۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇڭلار .ئۈمىدكى سىلەر رەببىڭلارغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۇچراشقايسىلەر . . . .»( مەجمۇئەتتەتتەۋھىد )

# 16ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى دەۋەتنى پاش قىلىپ قويىدۇ ۋە مەخپىيەتلىككە زىت كېلىدۇ،دېگەن شۈبھىگە رەددىيە

ئاگاھلاندۇرۇش:سىز يۇقارىقىلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن مۇنۇ بىر ئىشنىمۇ بىلىپ قويۇڭ.يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇرغۇزۇش بىلەن دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۇھىم ئىشلارنى قىلىشتا يوشۇرۇن ۋە مەخپىي سەۋەبلەرنى قوللىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق.بىزنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان سۆزلىرىمىز ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللانغان ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بولغان بۇ چوڭ سەۋەبنى ھەرگىزمۇ رەت قىلمايدۇ.لېكىن بۇ مەخپىيلىك ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئورنىغا قويۇلۇشى كېرەك.يەنى ئۇ پىلان ۋە تەييارلىقتىكى مەخپىيلىكتۇر.ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە تاغۇتلارنى، ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىنى. باتىل ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلىش بولسا ھەرگىزمۇ بۇ مەخپىيلىككە كىرمەيدۇ. بەلكى بۇ ئاشكارىلىقتا تەۋەدۇركى بىز بۇرۇن بايان قىلغاندەك يولنىڭ بېشىدىن تارتىپلا ئاشكارا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشتۇر.بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل قىلىنىدۇ:«مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر گورۇھ كىشى ھەمىشە ھەق ئۈستىدە ئاشكارا بولغان ھالدا تۇرىدۇ....»(مۇسلىم نەقىل قىلغان)،ئەمما تاغۇتلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش،ئۇلارنىڭ سەپلىرىگە كىرىش ۋە ئۇلارنىڭ مەنسەپلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ئەمەس.بەلكى ئۇ زېمىن كۈچلىرىگە تەۋە بولغان تەشكىلاتلارنىڭ مەخپىيەتچىلىك يولىغا مەنسۇپتۇر.دىنىمىز بۇلارغىمۇ مۇنداق بايانات ئېلان قىلىدۇ:«**سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن،مېنىڭ دىنىم ئۆزۈم ئۈچۈن.**» (كافىرۇن 6)،خۇلاسە گەپ شۇكى،يوشۇرۇنلۇق پىلان ۋە تەييارلىقتا، ئاشكارىلىق دەۋەت ۋە تەبلىغدە بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى،ئىغۋاگەر ۋە تۆھمەتخور ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى ھەقىقى رەۋىشتە چۈشىنەلمىگەن كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمەسلىكىدىن: «سىلەر چاقىرىۋاتقان بۇ يول بىزنى ئاشكارا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

قويىدىكەن، پىلانلىرىمىزنى پاش قىلىپ قويىدىكەن ،دەۋەت ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ۋەيران بولىشىنى تېزلىتىپ قويىدىكەن. .»دېيىشمەكتە .

ئۇلارغا ئاۋۋال مۇنداق دەيمىز: ـ دەۋا قىلىنىۋاتقان بۇ دەۋەتنىڭ مېۋىسى پەقەت بۇ دەۋەت پەيغەمبەرلىك يولىغا ئۇيغۇن بولالىغاندىلا ئاندىن پىشىدۇ ۋە ئىسلاھ بولالايدۇ. يۇقىرىدىكى شەرئى دەلىللەردىن سىرت بۇ دەۋەتنىڭ هازىرقى رېئاللىقى بۇ سۆزىمىزگە روشەن گۇۋاهتۇر. بىز بۇگۇن مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ بىلىمسىزلىكى، ئۇلارغا هەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى، دوست دۈشمەنلىكنىڭ ئوچۇق بولماسلىقىدىن قاتتىق قىيىنىلىۋاتىمىز .بۇ پەقەت ئەشۇ ئالىملارنىڭ ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ بۇ هەقنى يوشۇرغانلىقى ۋە باتىلغا سۈكۈت قىلغانلىقىدىن بولغان. ئەگەر ئۇلار بۇنى ئوچۇق بايان قىلغان بولسا ۋە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ،پەيغەمبەرلەر كەبى بۇ يولدا سىناقلارغا ـ ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولسا ،ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە هەق ئاشكارا بولغان بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن هەق ئىگىلىرى باتىلچىلاردىن ئاشكارا ئايرىلغان ،اللەنىڭ رىسالىتى يەتكۈزۈلگەن، بۇ زامانىمىزدىكى كىشىلەرگە هاسىل بولۇپ قالغان مۇهىم ئىشلاردىكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، خاتا چۈشىنىش ،ئالماشتۇرۇۋېتىش تۈگىگەن بولاتتى. ئالىم قورقۇپ هەقنى بايان قىلمىسا، جاهىل ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى بىلەن هەقنى بۇرمىلاپ سۆزلەۋەرسە ،هەق قاچان ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر اللەنىڭ دىنى ،ئۇنىڭ ئەملى ۋە ئېتىقادى تەۋهىدى كىشىلەرگە ئاشكارە قىلىپ بېرىلەلمىسە ،ئەشۇ دەۋەتچىلەر كۈتۈۋاتقان ،ئۈمىد قىلىۋاتقان نەتىجە زادى نېمە؟ .

## 17 ـ دۆلەت قۇرۇلمىسىمۇ ،ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامنىڭ يولىنىڭ بەرپا قىلىنىغانلىقى دىن ئۈچۈن ئەڭ زور مەنپەئەت

ئۇ نەتىجە «ئىسلامى دۆلەت»مۇ؟ . . .

شۈبهىسىزكى، ـ دەۋەت ئوگۈشسىزلىقتا ئۇچرىسۇن ياكى دەۋەتچىلەر ئەرزىيەتلەرنى تارتىپ كەتسۇن ـ كىشىلەرگە هەقىقى تەۋهىدنى ئاشكارىلاش ،ئۇلارنى شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن تەۋهىدنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئەڭ چوڭ نىشان ۋە ئەڭ مۇهىم

مەقسەتتۇر.

دىن پەقەت قارشىلىشىش ۋە سىناقلار بىلەنلا ئاشكارا بولالايدۇ:«**اللە ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا(يەنى مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا قارشى قىلىش بىلەن مۇداپىئە قىلمىسا)ئىدى.يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى.» (بەقەرە 251)**،مانا مۇشۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، كىشىلەرنى شېرىكنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىدىن چىقىرىش ۋە قۇتقۇزۇش روياپقا چىقىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سىناقلار كېلىدىغان،ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىقلار بېرىلىدىغان ئۇلۇغ غايىدۇر. ئىسلامى دۆلەت دېگەن پەقەت مۇشۇ ئۇلۇغ غايىگە يېتىشتىكى بىر ۋاستىدۇر.. «ئورەك ئىگىلىرى»قىسسىسىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئىبرەت بار.ھېلىقى سادىق دەۋەتچى بالا دۆلەت قۇرالمىغان ياكى بىرەر ھوقۇقا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ،لېكىن اللەنىڭ تەۋھىدىنى تولۇق ئاشكارە قىلدى. بۇ ھەق دىنغا ئەڭ ياخشى ياردەم بەردى ۋە شەھىدلىكنى ئالدى.بۇنىڭدىن كېيىن ھايات قېلىشىنىڭ يەنە نېمە قىممىتى بولسۇن؟.بۇ دەۋەتچى ئۆزىنىڭ دەۋىتىدە زور مۇۋەپپىقيەتكە ئېرىشكەن تۇرسا،ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈش، ئازابلاش ۋە ئۆلتۈرلۈشىنىڭ نېمە زىيىنى بولسۇن؟.دۆلەت قۇرۇلسۇن ياكى قۇرۇلمىسۇن...مۆئمىنلەر كۆيدۈرۈلسۇن ۋە ئۇلارغا قانچىلىغان ئورەكلەر كولانمىسۇن، بەرىبىر...ئۇلار غەلىبە قازاندى.چۈنكى اللەنىڭ كەلىمىسى ئاشكارا ۋە ئالى بولدى. بۇنىڭغا شەھىدلىكنىڭ ئۇلارنىڭ يوللىرى ۋە جەننەتنىڭ ئۇلارنىڭ مەنزىلى بولغانلىقىنى قوشساقچۇ تېخى!...

مانا بۇلار بىلەن سەن ئەشۇ بىلمىسزلەرنىڭ:«بۇ يول دەۋەتنى تۈگەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ يوقىلىشىنى تىزلىتىدۇ....»دېگەن سۆزلىرىنىڭ قۇرۇق ئىغۋا ۋە نادانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسەن.چۈنكى بۇ دەۋەت اللە ئەززە ۋە جەللە ئۇنى مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىشقا ۋەدە قىلغان اللەنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىدۇر.ئۇ چوقۇم بولىدۇ.بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق.اللەنىڭ دىنىنىڭ نۇسرىتى ۋە ئۈستۈن بولىشى ھەرگىزمۇ بىر قىسىم ئەشۇ ئىغۋاگەر شەخسلەرگە باغلىق ئەمەس. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كېتىپ قېلىشى،ھالاك بولىشى ۋەياكى يۈز ئۆرۈشى بىلەن بۇ دىنىنىڭ

غەلىبىسى كېتىپ قالمايدۇ ۋە ھالاك بولمايدۇ .اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر(اللەنىڭ تائىتىدىن)يۈز ئۆرۈسەڭلار ،اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ ،ئاندىن ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ .(يەنى اللەقا ئىتائەت قىلىدۇ)» (مۇھەممەد 38) ،ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:«ئى مۆئمىنلەر!سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن ، اللە(ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈدىغان ،ئۇلارمۇ اللەنى ياخشى كۆرۈدىغان ، مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان ،كاپىرلارغا شەپقەتسىز ،اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ . بۇ(يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش)اللەنىڭ پەزلىدۇركى،اللە ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ ،اللە(نىڭ پەزلى) كەڭدۇر ،اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر .»( مائىدە 54) ، اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى (اللەنىڭ يولىدا نەپىقە قىلىشتىن)باش تارتىدىكەن ، (اللەغا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ) ،چۈنكى اللە بىھاجەتتۇر ، مەدھىگە لايىقتۇر .» (ھەدىد24) ،بۇنىڭغا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ زامانلاردىن بۇيانقى دەۋەتلىرى ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىدۇر .ئۇلار بالا ۋە سىناقلارنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا ئۇچرىغان .لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ نۇرىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەن .بەلكى بۇ دەۋەتنىڭ تېخىمۇ ئاشكارا مەشھۇر بولىشى ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ۋە سەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى كۈچەيتكەن .مانا بۇ ھازىرغا قەدەر اللەقا چاقىرىش يولىدا ماڭغۇچىلار يول تېپىپ ماڭىدىغان نۇر بولماقتا .بۇ ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان ھەقىقەتتۇر .

## 18- ئەگەر بەزى دەۋەتچىلەر بۇ يولنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويسا باشقىلارغا بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەرك ئېتىشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ

يۇقىرىقىلار بىلەن بىرگە يەنە بىر مەسىلىنىمۇ بىلىش زۆرۈردۇر .يەنى بارلىق دۈشمەن كاپىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا بولغان ئىنكار ،ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلىش مۇسۇلمان دەۋەتچىنىڭ سۈپىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى ،بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ

سۈپىتى ۋە توغرا دەۋىتىنىڭ يولى ،ۋە بۇ ئىشنى چىڭ تۇتمىغاندا بۇ دەۋەت ھەرگىز غەلىبە قازىنالمايدىغان مۇھىم ئىش بولسىمۇ ،بۇنى ھەق ئەھلىدىن بولغان بىر گۇرۇھ كىشى ئاشكارا قىلسا ،باشقا ئاجىز كىشىلەردىن بۇنى ئاشكارا قىلىش ساقىت بولىدۇ .بۇ پەقەت ئاشكارا جاكارلاشتىكى گەپ ،ئەمما بۇ مەسىلە ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،بۇ ھەر بىر مۇسۇلمانغا ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا پەرزدۇر .چۈنكى ئۇ بىز باشتا بايان قىلغاندەك بىر ئىنساننىڭ ئىسلامى ئۇنىڭسىز ساغلام بولالمايدىغان «لااله الاالله» نىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمىدۇر .بۇ ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى تۇرۇغلۇق بۇنى ئاشكارا قىلىشنى پۈتكۈل دەۋەتنىڭ كۈن تەرتىپ پىلانىدىن چىقىرىۋېتىش ئىسلام دىنى تونۇمايدىغان بىر ئىشتۇر .بەلكى بۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەھۋالىدا قورقۇشنى ئاساس قىلىدىغان ، تاغۇتلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە پەرۋا قىلمايدىغان ياكى نىفاقتىن قورقمايدىغان ئىنسانىي پارتىيە ۋە يوللارنى دوراش ۋە تەقلىد قىلىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنھەجىنىڭ غەيرىدە ماڭىدىغان دەۋەتچىلەرنىڭ ئىشىدۇر .

ـ (بىر تۈركۈم ئاجىزلار يۇقىرىقىلارنى ئاشكارلىمىسىمۇ بولىدۇ)دەپ ئاجرىتىپ چىقىرۋېلىشىمىز ھاۋايى ـ نەپسىمىزدىن ياكى ئەقلى تاكتىكا ئىشلەتكەنلىكىمىزدىن ئەمەس. بەلكى بۇنى نۇرغۇنلىغان نەقلى شەرئى دەلىللەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويدۇق . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئاجىز ۋاقىتتىكى تارىخىنى مۇلاھىزە قىلغان كىشىگە بۇ ئوچۇق ئاشكارا بولىدۇ .سىز سان ـ ساناقسىز مىساللارنىڭ ئىچىدىكى تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ بېقىڭ .مەسىلەن:ئەمرى ئىبنى ئىبسەتە سەلەمىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش تارىخى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«مەن( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ):«مەن ساڭا ئەگىشىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«سەن بۇ كۈنلىرىڭدە بۇنىڭغا قادىر بولالمايسەن. سەن مېنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمىدىڭمۇ .سەن ھازىر ئەھلىڭگە قايتىپ كەت ۋە مېنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمنى ئاڭلىساڭ قېشىمغا كەل . . . .»دېدى .»( مۇسلىم) بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ:««مەن ساڭا ئەگىشىمەن»دېگەننىڭ مەنىسى:مەن سەن بىلەن بىرگە تۇرۇپ ، دىننى ئاشكارا ئېلان قىلىشتا ساڭا ئەگىشىمەن . دېگەنلىكتۇر . شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«سەن بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ شەۋكىتىنىڭ ئاجىز

بولغانلىقى ئۈچۈن قادىر بولالمايسەن .بىز قۇرەيش كافىرلىرىنىڭ ئەرزىيىتىنىڭ ساڭا يەتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز .سېنىڭ ئەجرىڭ تولۇق بولدى . سەن ئىسلامىڭدا قېلىپ قال . قەۋمىڭگە قايتقىن ۋە ئۆز ئورنۇڭدا ئىسلامدا داۋاملاشقىن .مېنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىمنى بىلسەڭ ،ئاندىن قېشىمغا كەل .»دېدى .» مانا بۇ بىر كىشىگە رەسۇلۇللاھ دىنىنى ئاشكارا قىلماسلىقنى ئىزنى بەردى .چۈنكى اللەنىڭ دىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاشكارا ،مەشھۇر ۋە تونۇشلۇق ئىدى .بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇ ھەدىستىكى مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر:«سەن مېنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

ئەبۇ زەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى سەھىھۇل بۇخارىدا ئېنىق بايان قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئى ئەبۇ زەر! بۇ ئىشنى يوشۇرۇن تۇت! ۋە ئۆز شەھىرىڭگە قايت . ئەگەر بىزنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمىز ساڭا يەتسە ،قايتىپ كەل . . .» دېدى . شۇنداق تۇرۇغلۇق ئەبۇ زەر ئىمانىنى ئاشكارا قىلدى .ئۇ كاپىرلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكىنى جاكارلىدى . كاپىرلار ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى .ئۇ بۇ ئىشنى ئەتىسى يەنە قىلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئىنكار قىلمىدى .ئۇنى ياردەمسىز قويمىدى . ۋە زامانىمىزدىكى دەۋەتچىلەر دېگەندەك:«سېنىڭ بۇ ئىشىڭ دەۋەتنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە پىتنە قوزغايدۇ .دەۋەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە دەۋەتنى يۇزىيل كېچىكتۈرىۋېتىدۇ . » دېمىدى .(ئۇ زات ئۇنداق دېيىشتىن ئەلۋەتتە پاك) ،چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يولدىكى تا قىيامەت كۈنىسىگىچە ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسىدۇر .دېمەك بەزى دەۋەتكە ئەگىشىشتىن ئاجىز كەلگەنلەرنىڭ مەيدانغا سەكرەپ چىقماسلىقى باشقا بىر مەسىلە . دىنىنىڭ ئاشكارا ۋە ئۈچۈق بولىشى باشقا بىر مەسىلە .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ناھايىتى ئاشكارا ۋە مەشھۇر ئىدى .ھەممە كىشى بۇ دەۋەتنىڭ يىلتىزىنىڭ ۋە يادرولۇق مەركىزىنىڭ ئەشۇ زاماندىكى بارلىق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىبادەتنى بارلىق تۈرلىرى بىلەن اللەقا خالىس قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشەتتى .ھەتتا ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشەتتى ۋە بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ئەگەشكۈچىلىرى دىنىنى يوشۇرۇشقا ۋە ھىجرەت قىلىشقا

مەجبۇر بولۇش ۋە نۇرغۇن ئەرزىيەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى پەقەت دەۋەتنىڭ ئاشكارا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يادروسىنىڭ مەشھۇر بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر ئۇلار ئازراق بولسىمۇ ماسلىشىپ ئۆتۈشكەن بولسا،ئۇلارغا بۇ خىل ئازابلار يەتمىگەن بولاتتى.

## 19- دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدا كاپىرلارنى ئالداش بىلەن كۆيلىگەن دەۋەتچىلەرنىڭ يولدىن چەتنىشىنىڭ پەرقى

سىز بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن بولسىڭىز،سىزگە مۇھىم بىر ئىش ئايدىڭ بولىدۇ: يەنى دىن ئاشكارا ۋە دەۋەتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرى تونۇشلۇق بولغان ئاساستا، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۋاتقان ۋە روبىرو تۇرۋاتقان چاغدا بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ سەپلىرىدە ئىمانىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ،ئۇلارنى ئالدىشى دۇرۇس بولىدۇ.بۇ خىل ئەھۋاللارغا كەئىب ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.ئەمما نۇرغۇن دەۋەتچىلەرنىڭ دەۋەتنىڭ مەنپەئەتىنى باھانە قىلىپ، ئۆز ئۆمۈرلىرىنى تاغۇتلارنىڭ قوشۇنىدا ئۇلارغا دوست بولغان، مايىل بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەسسەلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى ۋە كىشىلەرگە دىنىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۇرۇشلىرى،تەۋھىدنى ۋەيران قىلىشلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ۋە يولى ئوتتۇرىسىدا غەرب بىلەن شەرقچە پەرق بار.

رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يول تۇرسا شەرقتە،
يۇرۇپسەن «دەۋەت»ئىزدەپ يىراق غەربتە.

www.uyghurkitap.com

## 20 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ھازىرقى زامان تاغۇتلىرىغا نىسبەتەن ئاشكارا توقۇنۇشتۇر

## 21 ـ ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن دەۋەتچىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى

شۈبھىسىزكى،ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى توغرا بولغان دەۋەت يولىدۇر.بۇ يولدا ئەلۋەتتە دىن يولىدا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە دۈشمەنلەرگە قىلىچ ئۇرۇش...لار مەۋجۇت.ئەمما بۇنىڭدىن باشقا، مەنسەپ ۋە خىزمەتلەرگە چىڭ ئېسىلىپ، ھاكىمىيەت ئىگىلىرىگە غەزەپ قىلماستىن ۋە قەسىرلەر،ئۆيلەر،ئاياللار ۋە باياشات تۇرمۇشتىن ئايرىلماي تۇرۇپ اللەنىڭ دىنىنى تۇرغۇزۇشنى ئويلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مايماق،بۇزۇلغان،ئازغۇن يوللاردا ـ گەرچە بۇ دەۋەت ساھىبلىرى ئۆزلىرىنى سەلەپلەرنىڭ مەنھەجى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا دەپ دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ھېچبىر نىسۋە يوقتۇر.اللە بىلەن قەسەمكى! بىز ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرگەن.ئۇلارنىڭ دەۋەت ئۈچۈن قىلىچلىك پايدىسى بولمىغان مۇناپىق ۋە زالىملارنىڭ ھەتتا اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاشكارا قارشى تۇرغان كاپىرلارنىڭ ئالدىدا ھېجىيىپ يۈرگەنلىكى كۆرگەن.ئۇلار بۇ كاپىرلار بىلەن ماسلىشىپ ئۆتۈش ۋە ئۇلارنىڭ باتىللىرىنى ئىقرار قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولىشىدۇ، ئۇلارغا چاۋاك چېلىشىدۇ،ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىشىدۇ،ئۇلارنى ئىززەتلەپ «ئۇلۇغلۇق ئىگىسى،كاتتا پادىشاھ، مۆئمىن رەئىس، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى»دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن چاقىرىشىۋاتىدۇ.ئۇ كاپىرلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتىسىمۇ يەنە شۇنداق قىلىشىدۇ.اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنىڭ ئەتتىگەندىن كەچكىچە دىنىنى پاشنىنىڭ قانتىغا تەڭ كەلمەيدىغان دۇنياغا سېتىش بىلەن ئاۋارە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز.ئۇلار تەۋھىد دەرسى ئۆتىدىغان مۆئمىن دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.لېكىن كاپىرلارنىڭ كۇفرى قانۇن ۋە دەستۇرلىرىنى

هۆرمەتلەيدۇ. بۇ ئويدۇرما قانۇنلارنىڭ پاكلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشىۋاتىدۇ.بۇنىڭ بىلەن زالىملارنىڭ توپىنى كۆپەيتىپ،ئۇلارغا خۇشامەت ۋە شېرىن سۆزلەر بىلەن دوڭغاقلاۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇلار كېچەيۇ كۈندۈز اللەنىڭ تائالانىڭ زالىملارغا مايىل بولۇش،ئۇلاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا رازى بولۇشتىن چەكلەيدىغان ئايەتلىرىنى يۇدۇپ يۇرىشىۋاتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ھەمىشە ئوقۇپ تۇرىۋاتىدۇ: **«زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار)دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر.»** (ھود **113**)،**«اللە سىلەرگە كىتابتا (يەنى قۇرئاندا)سىلەرگە نازىل قىلدىكى،سىلەر اللەنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ياكى مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار)باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە،ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار،بولمىسا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر،اللە ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ.»**(نىسا **140**)،

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇللاھ(مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ نەۋرىسى) اللە تائالانىڭ **«ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر.»**دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«بۇ ئايەت ئوچۇق ھالدا،بىر ئادەمنىڭ اللەنىڭ ئايەتلىرى ئىنكار ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،(شۇ مەسخىرە قىلغۇچى)كاپىرلارنىڭ قېشىدا ئۇلار باشقا بىر سۆزگە كىرىشمىگۈچە، مەجبۇرلانماستىن،ئىنكار قىلماستىن ۋە ئۇيەردىن كەتمەستىن ئولتۇرغان بولسا،ئۇ ئەشۇ ئىشلارنى قىلمىغان بولسىمۇ،ئۇلارغا ئوخشاش كاپىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.»

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:**«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە،ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە،ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرمىغىن...»**(ئەنئام **68**)

ھەسەن بەسرى ئۇلار باشقا پاراڭغا چۈشسۇن مەيلى چۈشمىسۇن،ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش توغرا ئەمەس.چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:**«....ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا،ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن،زالىم قەۋم بىلەن ئولتۇرمىغىن.»** (ئەنئام **68**).ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:**«سىنى بىز ھەقتە (چىڭ**

www.uyghurkitap.com



**تۇرۇشتا)مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق ، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ .ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ، ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بەرگەن بولاتتۇق.ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم تاپالمايتتىڭ .»**( ئىسرا **74 ـ 75** ) .

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:« مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق خىتاب قىلىنغان تۇرسا ،ئۇنىڭ غەيرىگە قانداق بولار! .»

ئۇلار يەنە الله تائالانىڭ مۆئمىنلەرنى مۇنداق سۈپەتلىگىنىنى دائىم ئوقۇپ تۇرىشىدۇ: **« ئۇلار بىھۇدە سۆز ،بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىلاردۇر .»**( مۆئمىنۇن **3** ) ، **« ئۇلار( يەنى الله ياخشى كۆرۈدىغان بەندىلەر)يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ .يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ .»**( فۇرقان **72** ) .

يەنە تېخى ئۇلار ئۆزلىرىنى سەلەپلەرنىڭ يولىدا دەپ دەۋا قىلىدۇ .ۋەھالەنكى سەلەپ ئالىملىرى ھازىرقىدەك زالىم ۋە تاغۇت ئەمىرلەرنىڭ دەۋرىدە ئەمەس ،بەلكى شەرىئەت ۋە ھىدايەت ئەمىرلىرىنىڭ دەۋرىدە سۇلتانلارنىڭ ئىشىكلىرى ۋە مەنسەپلىرىدىن قېچىشقان ئىدى .لېكىن بۇ زامانىمىزدىكى «ئالىملار» بويۇنلىرىغا قىلىچ تەگكەنمىگەن ،يا پۇتلىرىدىن باغلانمىغان ۋە ياكى بۇنىڭغا مەجبۇرلانمىغان تۇرۇپ ،پەقەت ئازغىنە مال ـ مۈلۈكلەر ئۈچۈن بۇنى ئۆزى خالاپ قىلىشىۋاتىدۇ . الله تائالادىن نەپسلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ۋە كۆزلەرنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق پاناھ تىلەيمىز! . . .ئۇلار: «بىز بۇنى پەقەت دۇنيانى كۆزلەپ قىلدۇق .»دېگەن بولسا راست ئېيتقان بولاتتى .لېكىن ئۇلار:«بۇنى دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز .»دەيدۇ .ۋاي بىچارە بۇ سۆزۈڭ ئارقىلىق كىمنى ئالداپ زاڭلىق قىلماقچىسەن؟ . بىزدەك ئاجىزلارنىمۇ؟؟ (بىز ۋە بىزگە ئوخشاشلار سىلەرگە ھېچبىر پايدا ياكى زىيان كەلتۈرۈشكە ئىگە ئەمەسمىز) ياكى ئاسمان ۋە زېمىننى مەجبۇرى بويسۇندۇرغۇچى جەببار زات اللەنىمۇ؟! . شۈبھىسىزكى ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىش مەخپىي قالمايدۇ .ئۇ سىلەرنىڭ سىرلىرىڭلارنى ۋە پىچىرلاشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ .

بىز ئۇلارنىڭ ئۇلارغا قارشى پىكىردە بولغان ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلارنى «پىكرى ئاددىي ، بىلىمى ئاز ،ئۇلار دەۋەتتىكى ھېكمەتنى چۈشەنمەيدۇ ،نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا سەۋرى قىلالمايدۇ ، ئۇلار رېئاللىقنى ياخشى تەھلىل قىلالمايدۇ ، كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئوبدان بىلمەيدۇ ، ياكى ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئاجىز ، تەسەۋۋۇرى بەك تېيىز . . . .»دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئەيىبلەۋاتقانلىقنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمىز . بۇ بىچارىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىشەمدىغاندۇ؟ . ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن بىرنەچچە ئاددىي شەخسلەرنى ئەيىبلەۋاتمايدۇ ،بەلكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى اللەنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگرى يوللىرىنى ئىنكار قىلىش ، ئۇلارنىڭ كۇفرى يوللىرىغا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا قىلىش بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئەيىبلەۋاتىدۇ ، (سۇبھانەللاھ!) ، ئۇلار ئۆز سۆزلىرىنىڭ«ئىبراھىم ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولغانلارنىڭ ھېچقانداق دەۋەت قىلىش ھېكمىتى ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىش قابىلىيىتى يوق . ئۇلار بەك چەكتىن ئاشقۇچى ۋە ئالدىراڭغۇ» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىشمەيۋاتىدۇ . ۋەھالەنكى اللە ئەززە ۋە جەللە ئۇلارنى پاكلاپ ، ماختاپ ۋە بىزنى ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:«**شۈبھىسىزكى ، ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ياخشى نەمۇنە بار . . .»** (مۇمتەھىنە **4**) ،ۋە يەنە:«**ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللە قا تاپشۇرغان (يەنى اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ،ئەمەللەرنى اللەقا خالىس قىلغان) ،باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ .اللە ئىبراھىمنى دوستى تۇتتى .»**(نىسا **125**) ،اللە ئەززە ۋە جەللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخمەق ئەمەسلىكىنى ،بەلكى ئۇنىڭ توغرا يولدا ماڭغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«**(مۇسا ،ھارۇنلاردىن بۇرۇن)بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق .بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق .»**(ئەنبىيا **51**) ،ئاندىن اللە تائالا ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئاخىرقى ئايەتلەردە بايان قىلدى .ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن پەقەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان كىشلەرنىڭلا يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى بايان قىلدى.ئويلاپ بېقىڭ! ،الله ئەخمەق ،دۆت دەپ سۈپەتلىگەن كىشىدە نە دەۋەتنىڭ ھېكمىتى، نە تەسەۋۋۇرنىڭ ئوچۇقلۇقى ،نە مەنھەجنىڭ توغرىلىقى ،نە توغرا يول بولامدۇ؟!!!......

# ئىككىنچى بۆلۈم

## 22 ـ ئىمتاھان ۋە سىناقلارغا دۇچ كېلىش الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيىتىدۇر

## 23 ـ مۇشرىكلارغا ئاداۋەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىش بۇ دەۋەتنىڭ سۈپىتىدۇر

بىلگىنكى، ـ الله سېنى ۋە بىزنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىدا مۇستەھكەم قىلسۇن ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى تەقەززا قىلىۋاتقان كۇفرى ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا ئادا ـ جۇدالىق ۋە دۈشمەنلىكنى ئېلان قىلىشقا ئوخشاش تەكلىپاتلار ھەقىقەتەن كۆپ ۋە ئېغىر.....

شۈڭلاشقا گۇمان قىلغۇچىلار بۇ يولنى گۈللەر ۋە رەيھانلارغا پۈركەنگەن، راھەت ۋە تىنچلىققا ئورالغان دەپ گۇمان قىلىپ قالمىسۇن .بەلكى بۇ يول الله بىلەن قەسەمكى!، كۆڭۈل تارتمايدىغان نەرسىلەر ۋە سىناقلار بىلەن ئورالغان...لېكىن ئۇنىڭ خاتىمىسى نەتىجىسى ئېپار، راھەت، رەيھان ۋە رەببىمىزنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە بىز ئۆزىمىزگە ۋە مۇسۇلمانلارغا سىناقلار ۋە ئەرزىيەتلەرنى ئارزۇ قىلمايمىز. لېكىن بۇ سىناقلار الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىش ئۇچۇن بۇ يولغا بېكىتىپ

قويغان قانۇنىيىتىدۇر.چۈنكى بۇ يول شەھۋەتخورلار ۋە تاغۇتلار رازى بولمايدىغان يولدۇر. چۈنكى بۇ يول ئۇلارنىڭ رېئاللىقىغا بولغان ئاشكارا قارشىلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى، شېرىكلىرىدىن ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا يوللارچۇ؟.....سىز بۇ يوللاردا مېڭىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچە خۇشال ۋە دۇنياغا مايىل ھالدا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.ئۇلاردا سىناق ۋە ئەرزىيەتنىڭ تەسىرىمۇ يوق. چۈنكى ئىنسان ئىمانىغا قاراپ سىنىلىنىدۇ.ئەڭ ئېغىر سىناقلارغا ئۇچرايدىغانلار پەيغەمبەرلەر،ئاندىن قالسا ئۇلارغا ھەقىقى ئەگەشكەنلەردۇر.ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرمۇ ئەڭ ئېغىر سىناق ۋە ئەرزىيەتلەر ئۇچرايدىغان كىشىلەردۇر.چۈنكى ئۇلار اللەقا دەۋەت قىلىش يولىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.خۇددى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئېيتقاندەك.ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى نازىل بولغاندا مۇنداق دېگەن ئىدى:«كىم سەن ئەكەلگەن بۇ نەرسىنى(دىننى)ئەكىلىدىكەن.چوقۇم دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ.» (بۇخارى رىۋايىتى)،شۇڭلاشقا سىز ئەگەر بۇ زامانىمىزدا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان نەرسىگە چاقىرىۋاتىمەن،دەپ دەۋا قىلىۋاتقان،لېكىن باتىل ۋە تاغۇتلارنىڭ ئەھلى بىلەن دۈشمەنلەشمەيدىغان،بەلكى شۇ تاغۇتلارنىڭ ئارىسىدا خاتىرجەم ۋە ئازادە تۇرىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسىڭىز،ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ بېقىڭ.ياكى ئۇ يولدىن ئازغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەكەلگەن دىننى ئەكەلمىگەن ۋە ئەگرى يوللارغا ماڭغان كىشىدۇر.ۋە ياكى ئۇ بۇ دەۋاسىدا يالغانچى،ئۆزىدە يوق ئىش بىلەن سۈپەتلىنىۋالغۇچى، ياكى نەپسىگە ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئۆز رەيىگە ئەگەشكۈچىدۇر.ۋە ياكى ئۇ ئۆزىگە كېلىدىغان دۇنيانى دەپ تاغۇتلار تەرىپىدىن دىن ئەھلىگە قارشى قويۇلغان جاسۇس ۋە كۆز ـ قۇلاقتۇر. ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئېيتقان بۇ سۆز ساھابىلەر ئەقەبە بەيئىتىدە رەسۇلۇللاھقا بەيئەت بېرىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ساھابىلەرنىڭ قەلبىگە ئايدىڭ بولغان ئىدى.شۇ چاغدا ئەسئەد ئىبنى زۇرارە ئورنىدىن تۇرۇپ،مەدىنىلىك ساھابىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى ۋە: «ئى يەسرىپ(مەدىنە) ئەھلى! (رەسۇلۇللاھنى قوغداشقا ۋەدە بېرىشكە) ئالدىرىماڭلار. شۈبھىسىزكى،ئۇنى بۈگۈن (مەككىدىن) چىقىرىۋېلىش سىلەر ئۈچۈن

ئەرەبلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن، ياخشىلىرىڭلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە سىلەرگە قارشى قىلىچلارنىڭ يالىڭاچلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئەگەر بۇنىڭغا سەۋرى قىلالىساڭلار، سىلەر رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ كېتىڭلار، ئەجرىڭلارنى اللەتىن ئالىسىلەر. ياكى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن قورقساڭلار، رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ كېتىڭلار، بۇنى ئوچۇق ئېيتىڭلار، بۇ سىلەرگە اللەنىڭ ئالدىدا ئۆزرە بولىدۇ.» دېدى. (ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقى)

## 24 ـ ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن چەتنىگەن دەۋەتكە ئارىلاشقانلىقتىن ياخشى

## 25 ـ جىم تۇرۇش خۇشامەت قىلىشتىن ياخشى

## 26 ـ ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن ئابىد دىننى يۆلىگۈچى، كايىرلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكۈچى دەۋەتچىدىن ياخشى

بۇنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ! بىز دەۋەت ۋە دەۋەتچىلىك تونلىرىنى كىيىۋالغان كىشىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە بۇنىڭغا بەكمۇ موھتاجمىز.... سىز يۈرىكىڭىزگە قولىڭىزنى تىقىپ، نەپسىڭىزنى ئوبدان دەڭسەپ بېقىڭ. ئۇنىڭغا بۇ يولنى توغرىلاپ، نەپسىڭىزنىڭ بۇنى كۆتۈرەلەيدىغان ياكى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېسابلاپ بېقىڭ... ئەگەر سىز بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولسىڭىز، بۇ دەۋەتنى ھەقىقى رەۋىشتە قولىڭىزغا ئېلىڭ. ۋە اللەتىن سىزنى قىينايدىغان بالا ـ سىناقلاردا مۇستەھكەم قىلىشنى سوراڭ... ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان، بۇنى تۇرغۇزۇشتىن ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئاشكارىلاشتىن ئاجىز كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولغان بولسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ دەۋەتچىلىك تونىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ! ئۆيىڭىزدىن چىقماي ئولتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ئىشلىرىڭىزنى بىلىڭ. ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ كەتمەڭ. ياكى تاغ ـ جەزىرىلەردە كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاڭ. چۈنكى بۇ ساڭا خۇددى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە ئېيتقاندەك اللەنىڭ ئالدىدا ئۆزرە

بولىدۇ . . .توغرا بۇ سىزنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇرغۇزۇشقا قادىر بولالماي ،تاغۇتلارغا خۇشامەت قىلىش ،ئۇلار بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش ، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا ئاداۋەتنى يوشۇرۇش ئۇچۈن ،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ غەيرى بىلەن مېڭىش ۋە دەۋەتكە مايماق يوللارنى پەيدا قىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى ۋە باشقا كىشىلەرنى ئەخمەق قىلغىنىڭىزغا قارىغاندا ئۆزرە بولالىشى مۇمكىن. الله بىلەن قەسەمكى ،يەنە الله بىلەن قەسەمكى ، تاغ ـ جەزىرىلەردە ئازراق ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىلەن ياشىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزدىن ياخشى! .بىر شائىر بۇ ھەقتە بەكمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن:

سۆزلەرنى خاتا قىلىپ كاپىر بولغاندىن ،
ھېچنەرسە بىلمەس بوپ جىم تۇرغان ياخشى .
ئىسلامىڭ خۇنۇك بولۇپ دىننى بۇزغاندىن ،
مەندىكى دىن ئەمەس دېگىنىڭ ياخشى .

ھەقىقەتنى چۈشىنىپ بولۇپ ،
تاغۇتلارغا يۈزلەندى بۇلار .
سۆزلەڭ دېسە مىڭ ئېشەككە يۈك ،
ھەيران قىلىپ قويمىسۇن سۆزلەر .
مۇنبەرلەرگە ئۆرلەيدۇ ئۇلار ،
گېزىتلەردە يازار ماقالە ،
بايراملاردا سۆز بېشى بولار ،
دىن نامىدىن قىلىپ تەنتەنە .
قەسەم قىلاي ئالدانماڭ ئاگا ،
ھەق سۆزلەرنى قىلالماس مەڭگۈ .
ئۆگىتەلمەس سىزگە ھىدايەت ،
پاش قىلالماس ھەرگىز ھالاكەت .

قانداقسىگە ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلسۇن،
زۇلۇم ئەھلى قۇچىقىدا ئويناپ يۈرگەنلەر.
كۆرسىتەلمەس ھەرگىز سىزگە ھىدايەتكە يول،
ئابروي ئىزلەپ كوچىلاردا چىپىپ يۈرگەنلەر.
نەسىھەتىم قېرىنداشلار تاما قىلماڭلار،
بۇ زاماندا قىزىقىشنىڭ كۆپلىكى بىلەن.
شەككە تولغان مەدەنىيەتنى تاشلاپ قايتىدىن،
اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن ياشايلى تامان.

بىز ئۇلارنىڭ، ئازغۇنلۇقلىرى ۋە ئەگرى يوللىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر يولىغا ماس كەلمەيدىغان بۇ دەۋەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز... بىز ئۇلارنىڭ بۇ كىشىلەرنى پەقەت ئۇلاردىن يىراقلاشقانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز . ئۇلار بۇ كىشىلەرنى:« يېتىۋالدى،دۇنياغا يۈزلىنىپ كەتتى ۋە الله يولىدىكى دەۋەتكە سەل قارىدى، »دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ .ئەگەر ئەھۋال زادى شۇنداق بولغان بولسا،بۇ كىشىلەر سەل قارىغان بۇ دەۋەت زادى قانداق دەۋەت؟. ساقچى، ھەربىي،دۆلەت مەجلىسى ۋە شېرىك پارلامېنت قاتارلىق زالىملارنىڭ توپىنى كۆپەيتىدىغان ۋەزىپىلەردىكى كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن دەۋەتمۇ؟. ۋە ياكى دەۋەتنىڭ مەنپەئەتنى باھانە قىلىپ بۇزۇقچىلىق سورۇنلىرى، قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئوقۇتۇلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە بۇزۇق مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ،شۇنىڭ بىلەن سىلەر پەقەت دىنىڭلارنى ئاشكارا قىلالمايۋاتقان ۋە بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ غەيرى بىلەن چاقىرىۋاتقان دەۋەتمۇ؟.....ياكى بۇ كىشىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئىبارەت ھەممە ئادەم سەل قاراۋاتقان ھەقىقى دەۋەتكە سەل قارىدىمۇ؟.....ئۇلار بۇنىڭغا قارشى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىلار نەقىل قىلغان بىر ھەدىسنى ھۆججەت قىلىشىۋاتىدۇ.يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دەيدۇ:«كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان مۆئمىن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالمايدىغان مۆئمىندىن ياخشى.» .بىز بۇھەدىسنى دەلىل قىلغۇچىلارغا مۇنداق دەيمىز: بۇ ھەدىس شەرقتە،سىلەر بولساڭلار غەربتە تۇرىۋاتىسىلەر.چۈنكى ئارىلىشىپ ياشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا بولىدۇ.ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلار، نەپسى ـ خاھىشىڭلار ۋە دەۋەتتىكى بىدئەت ئۇسۇللىرىڭلارغا ئاساسەن بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا ـ يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسگە ئاساسەن بولغاندا ـ ئاندىن ئەرزىيەت ۋە ئەجىر مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ غەيرى بىلەن دەۋەت قىلىۋاتقانلار كۈتىۋاتقان بۇ «ئەجىر»قانداق ئەجىر ئۇ؟ .ئۇلار ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشىدىكى شەرتلەرنىڭ مۇھىم بىرىگە سەل قاراۋاتىدۇ.ئۇ شەرت بولسىمۇ «ئەمەللەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئەگەشكەن بولۇشى»دۇر. تاغۇتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى ۋە مايماق يوللىرىدىن ئادا جۇدالىقنى ئاشكارا ئېلان قىلمايدىغان، بەلكى ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باتىللىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان،ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قاراپ ھىجىيىدىغان،اللەنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىسىمۇ،چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە ھېكمەت بىلەن ۋەز نەسىھەت قىلىش، كىشىلەرنى دىندىن قاچۇرىۋەتمەسلىك ۋە دەۋەتنىڭ مەنپەئەتىنى باھانە قىلىپ،بىرەر قېتىم بولسىمۇ غەزەپ قىلىپ قويمايدىغان،ئۆزىنىڭ يۇمشاق ۋاستىلەرگە تايىنىشى ۋە بىدئەت ھېكمەتلىرى بىلەن دىننى بىر پارچىدىن،بىر پارچىدىن يىقىتىۋاتقان كىشىلەرگە قانداقمۇ ئەرزىيەت كەلسۇن؟! .

شەيخ ئابدۇللەتىف ئىبنى ئابدۇراھمان دىننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇش، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى جاھىل كىشىلەر قىلىۋاتقاندەك دىننى ئاشكارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ،بۇنى خۇشامەت قىلىش ۋە ئىتتىپاق ئۆتۈش ئۇچۇن تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى ۋە زىيىنى، بىلمەستىن تەرك ئېتىشكە قارىغاندا چوڭ ۋە ئېغىردۇر.بۇ خىل كىشىلەر مەئىشەتلىك تۇرمۇشنى پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەن قولغا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ.شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇلار پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە خىلاپ يول تۇتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يول، مەنھەجلىرىدىن چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەرخىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنى رازى قىلىشنى دانالىق دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ،ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتىنى تەلەپ قىلىدۇ.بۇنىڭغا ئەسلى قەتئىي يول يوق.بۇ پەقەت نەپسىنىڭ مەنپەئەتىنى،راھەتىنى ۋە كىشىلەر بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشنى،الله يولىدا دۈشمەنلىشىش ۋە بۇ يولدا ئەرزىيەتلەرنى تارتىشنى تەرك ئېتىشنى ئارتۇق كۆرگەنلىكتۇر.بۇ ھەقىقەتتە كەلگۈسىدىكى ھالاكەتتۇر. الله يولىدا دوستلىشالمىغان ۋە دۈشمەنلىشەلمىگەن كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. ھەقىقى دانالىق دېگەن اللەنىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزەلىگىنىدۇر.بۇ پەقەت اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە نەپرەتلىنىش،اللەنىڭ رازىلىقىنى ئارتۇق بىلىش،اللەنىڭ ھۆرمىتى تۆكۈلگەندە غەزەپ قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.بۇ غەزەپ قەلبىنىڭ ھاياتىدىن، كۈنلىشىدىن ۋە اللەنى ئۇلۇغلىشىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.ئەگەر قەلبتە ھاياتلىق، كۈنلەش، اللەنى ئۇلۇغلاش، غەزەپ ۋە ئۈچ كۆرۈش..لەر يوقاپ كەتسە،ياخشى بىلەن يامانىنى مۇئامىلىدە،دوستلۇقتا ۋە دۈشمەنلىكتە باراۋەر كۆرسە،بۇ قەلبتە يەنە قايسى ياخشى نەرسە قالماقچى؟....»

سىز ئۇلانىڭ بەزىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى زاڭلىق قىلىشۋاتقانلىقىنى، ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشۋاتقانلىقىنى،بۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىشۋاتقانلىقى كۆرۈسىز .ھەتتا ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تۆۋەندىكى فۇزەيلگە ئەۋەتكەن شېئىرىنى دەستەك قىلىشۋاتىدۇ:

ئەي ھەرەمگە چوقۇنغۇچى،كۆرسەڭ ئىدى،

بىزنى ئۆلۈم ئارىسىدا جەڭگاھ تامان.

جەينامازدىن چۈشمەي قىلغان ئىبادىتىڭ،

ئويۇن ئىدى،چۈشىنەتتىڭ سەن بىگۇمان.

مەڭزىڭ بويلاپ سىرغىغىنى ياشىڭ بولسا،

كۆكسىمىزنى بويىغىنى قىپقىزىل قان.

ۋە لېكىن ئەنە شۇ ھەرەمنىڭ ئىبادەتكارى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئەگرى

يوللىرىنى كۆرگەن بولسا:«مېنى ئۆلارنىڭ پىتنىسىدىن ئامان قويغان،نۇرغۇن كىشىلەردىن پەزىلەتلىك قىلغان اللەقا مىڭ شۈكرىلەر بولسۇن.»دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۆلارغا شۇنداق دەيمەنكى:سىلەرنىڭ بۇ دەۋەتڭلار ۋە يوللىرىڭلار بىلەن ئىبنى مۇبارەك ۋە ئۇ سالىھلار قىلغان جىھاد ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.ئەگەر ئىبنى مۇبارەك ئۆلارنىڭ بۇ دەۋەتلىرىنى كۆرگەن بولسا فۇزەيىلگە مۇنداق دەپ شېئىر ئەۋەتكەن بولاتتى:

ئى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى كۆرسەڭ ئىدىڭ،
شۈكرى دەيتتىڭ بۇ «دەۋەتتە»يوقلۇقڭغا.
جاھىل شۇدۇر دىنى بىلەن ئوينىشقان،
كىم بولمىسا رەسۇلۇللاھ يولىدا،

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## 27-سەييىد قۇتۇبنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى زىننەتلەيدىغان،لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرگە سۆز

توغرا....ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ تەكلىپلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ۋە ئېغىر. لېكىن بۇنىڭغا اللەنىڭ ياردىمى ۋە زور غەلىبە باغلانغان.بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىككى سەپكە ئايرىلىدۇ. بىرى ئىمان سېپى...يەنە بىرى كۇفرى،ئىسيان سېپى.مانا بۇ يول بىلەن رەھمان تائالانىڭ دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرى ئاشكارا بولىدۇ.بارلىق

پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىمۇ مانا مۇشۇنداق بولغان.ئۇلارنىڭ زامانىسىدا بۇگۈنكىدەك ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى ۋە دىن ئەھلىنىڭ پاسىق ۋە فاجىرلارنى ئۇلار دىنغا بولغان دۇشمەنلىكىنى ھەرخىل شەكىلدە ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان، تەقۋادار مۆئمىنلەردىن ئارتۇق كۆرۈدىغان ۋە ئۇلاربىلەن چىقىشىپ بىرلىكتە ئۆتىدىغان ئىشلار يۈز بەرمىگەن.بەلكى ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرى اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرىگۈچى قەۋملىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاشكارا ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ باتىل مەبۇدلىرىغا دۇشمەنلىك قىلىش بولغان.يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلار بىلەن بىرلىشىش،چىقىشىپ ئۆتۈش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى يەتكۈزۈش يولىدا خۇشامەت قىلىشلار ھەرگىز سادىر بولمىغان.

سىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قاراپ بېقىڭ.ئۇ قەۋمىگە يالغۇز ھالدا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ياكى تۇغيانلىرىدىن قەتئىي قورقماستىن مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: **«ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم!،ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى اللەنىڭ ئايەتلىرى بىلەن قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن بولسا،مەن اللەقا تەۋەككۇل قىلدىم(يەنى اللەقا يۆلەندىم،سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن).سىلەر ياردەمچىڭلار بىلەن بىرلىكتە(مېنى قەستلەيدىغان)ئىشلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار. ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن(يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن.ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي،مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار.» دېدى.» (نوھ 71)**

قەۋمى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى ئويلايدىغان كىشى مۇشۇنداق سۆزنى ئېيتامدۇ؟... سەييىد قۇتۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«بۇ خىل ئاشكارا تەسىرلىك جەڭگە چاقىرىشنى پەقەت ئىككى قولى پۈتۈن قۇۋۋەتكە تولغان،ئۆزىنىڭ تەييارلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغان كىشىلا جاكارلىيالايدۇ. ئۇ تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن رەقىبلىرىنى ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرىۋاتاتتى. ئۇنداقتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە قانداق كۈچ ۋە تەييارلىق بار؟....».ئۇنىڭ بىلەن اللە بار ئىدى.اللە توغرا يولغا يېتەكلەشكە ۋە ياردەم بېرىشكە كۇپايىدۇر.اللە ئەززە ۋە جەللە بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇنى قەۋمىگە تىلاۋەت قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى: **«ئۇلارغا نۇھنىڭ**

**قىسسىسنى ئوقۇپ بەرگىن. . . .»(يۇنۇس 71).**

قۇۋۋەت جەھەتتە كۈچلۈك ۋە قاتتىق زومىگەر بولغان قەۋمى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ھود ئەلەيھىسسالامغا قاراپ بېقىڭ.لېكىن ئۇ تاغدەك بەلكى تاغدىنمۇ بەكراق مۇستەھكەم تۇردى.ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ شېرىكلىرىدىن ئاشكارا ئادا ــ جۇدالىقىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇلارغا مەڭگۈلۈك سۆزلىرىنى ئاڭلىتىۋاتقان ۋاقىتتىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭ: **«ھود ئېيتتى:«مەن ھەقىقەتەن اللەنى گۇۋاھ قىلىمەن.سىلەرمۇ گۇۋاھ بۇلۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ اللەنى قويۇپ شېرىك كەلتۇرگەن نەرسەڭلاردىن ئادا ــ جۇدامەن. ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار،ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار.» (ھود 54 ــ 55)**،ئۇ يالغۇز بىر كىشى تۇرۇغلۇق ئۇلارغا:ماڭا سىلەرنىڭ سانىڭلار،قوشۇنۇڭلار ۋە باتىل بۇتلىرىڭلار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىڭلار،دېدى:**«شۈبھىسىزكى،مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللەغا تەۋەككۇل قىلدىم،اللەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر،پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر.»(ھود 56)**،

سەييىد قۇتۇپنىڭ كۆپلىگەن سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى زىننەتلەيدىغان، تاغۇتلارنىڭ بەزى مەسىلىلەردە اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشى ياكى الله يولىدا دەۋەت قىلىشقا ئىزنى ئېلىش ۋە ياكى شېرىك،ئىسيان مەجلىسلىرىدە بىرەر ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن تاغۇتلارغا يالۋۇرۇشقا قىزىقىۋاتقان ۋە بۇ يولدا بەسلىشىۋاتقان كىشىلەرگە سەييىد قۇتۇپنىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدىكى مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىتىپ قويماقچىمىز:«مانا بۇ(يەنى ھود ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى)بۇ قەۋمىدىن ئادا ــ جۇدا بولۇش ئىنقىلابىدۇر.بۇ سۆز ئۇ ئۇلاردىن بولسىمۇ،ئۇلارنىڭ قېرىندىشى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ سېپىدا تۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇش ئىنقىلابىدۇر.چۈنكى ئۇلار اللەنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگەشتى. دېمەك بۇ مەڭگۈ كېلىشەلمەيدىغان ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىنى ئايرىش ئىنقىلابىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئازغۇن قەۋمىدىن ئادا ــ جۇدا بولغانلىقى، ئۇلاردىن ئايرىلغانلىقى،سەپنى ئاجراتقانلىقىغا اللەنى گۇۋاھ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزىدىن ــ يۈزىگە ئۇلاردىن ئادا ــ جۇدا بولغانلىقىغا ئۇلارنى گۇۋاھ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ھود ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلاردىن قېچىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن

بىرسەپتە بولۇپ قىلىشتىن قورقىدانلىقىغا نىسبەتەن بىرەر شۈبھىسىزكى قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.»

شۈبھىسىزكى ئىنسان ئەشۇ ئويدۇرما ئىلاھلارغا شۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىدىغان بۇ قەۋم بىلەن قارشىلىشىۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئەخمەقلىقتا چىقىرىۋاتقان ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەۋاتقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى جەڭگە چاقىرىش بىلەن قوزغاۋاتقان، ئۇلارغا قارشى تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مۆھلەتمۇ سورىماۋاتقان، ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە سۈرەپ غەزىپىنىڭ پەسلەپ قېلىشىغىمۇ يول بەرمىگەن كىشىدىن ئەلۋەتتە ھەيران بولىدۇ. الله يولىغا چاقىرىدىغان بۇ دەۋەتنىڭ ھەرزامان ۋە ھەرماكاندىكى ئىگىلىرى بۇ كۆزنى چاقنىتىدىغان، شانلىق كۆرۈنۈش ئالدىدا ئۇزۇن بىر تۇرۇشى زۆرۈردۇر.... يالغۇز بىر كىشى. ئۇنىڭغا پەقەت ئازراق كىشىلەرلا ئىمان ئېيتقان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ زېمىندىكى ئەڭ زوراۋان، ئەڭ باي، شۇ زاماندىكى ماددىي مەدەنىيەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، رەھىم دېگەننى تونۇمايدىغان زومىگەر، ياۋۇز، نېئمەتلەر ئۇلارنى كۆرەڭلىتىپ قويغان، چوڭ كارخانىلارنى قۇرۇش ئارقىلىق زېمىندا مەڭگۈ تۇرۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەر بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ... مانا بۇ ئىمان، مانا بۇ ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك، اللەقا بولغان ئىمان، ۋەدىسىگە بولغان ئىشەنچ ،ياردىمىگە بولغان خاتىرجەملىك.... **«شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللەغا تەۋەككۇل قىلدىم،اللەنىڭ باشقۇرىشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر.»**(ھود **56**)، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قوپال زومىگەرلىرى پەقەت الله ئۇلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ باشقۇرىۋاتقان، ئۇزىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئۇلارغا قەھرى قىلىۋاتقان مەخلۇقلاردۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا بۇ مەخلۇقاتلاردىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن قورقۇشنىڭ نېمە ئورنى بار؟ .ئۇ مەخلۇقلار ئۇنىڭغا پەقەت رەببى ئىزنى بەرسە ئاندىن ئىگە بولالايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ يولى بۇ مەخلۇقلارنىڭ يولىدىن ئايرىلىپ چىققان تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېلىشىنىڭ نېمە مەنپەئەتى بار؟.»

پەيغەمبەرلەر ئۆزىنىڭ جاھىل قەۋملىرى بىلەن شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلارنىڭ دەۋىتى، قەۋمىنىڭ باتىللىرى بىلەن دائىم كۈرەش قىلىشى، دەۋەتتىكى ئوچۇقلۇقى،

دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا قىلىشى مانا مۇشۇنداق بولغان. ئۇلارنىڭ دەۋىتى كاپىرلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش، ياكى ئۇلارنىڭ بەزى باتىللىرىدىن رازى بولۇش، ۋە ياكى ئۇلار بىلەن يولنىڭ بىر يەرلىرىدە بىرلىشىشنى تونۇمايتتى.

دېمەك، ھەق ئەھلىنىڭ باتىلغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىشى، ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشى الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىنغا چۈشۈرگەندىن تارتىپ پەرز قىلىپ بېكىتكەن قەدىمى مۇھىم مەسىلىدۇر. الله تائالا بۇ مەسىلىنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن، ئۆز قوشۇنىنى قارشىلاشقۇچىلىرىدىن، يامانىنى ياخشىدىن ئايرىش ۋە مۆئمىنلەرگە شەھىدلىكنى ئىنئام قىلىش ئۈچۈن خالىدى. الله ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: «**بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا زېمىنغا چۈشۈڭلار.**»(ئەئراف **24**)، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ كارۋىنى مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدا ماڭدى. مانا بۇ خۇددى سەن تونۇۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ دىنىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**شۇنىڭدەك(يەنى مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك)ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەربىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق.**» ۋە يەنە: «**شۇنىڭدەك (ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك)ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق.**» (فۇرقان **31**)، الله بۇلارنىڭ بەزىسىنى دۈشمەنلىرى بىلەن بىرگە سۆزلەپ بەردى. بەزىسىنى سۆزلەپ بەرمىدى. بۇنى يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان بىر ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلەر بىر ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.»يەنى ئۇلارنىڭ دىنى، دەۋىتى ۋە يولىنىڭ يىلتىزى بىر. لېكىن شاخچە مەسىلىلەردە پەرقلىنىدۇ.

## 28 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە ئۇنى ئاشكارا قىلىشتۇر

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇنداق بولغان. شۇڭا ئۇ «كىشىلەرنى بۆلىۋەتتى»دەپ سۈپەتلەنگەن. ئۇ الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش بۇيرۇقىغا بويسۇندى.شۇڭا ئۇ شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە سۈكۈت قىلمىدى.ئۇلار بىلەن مايىلىشىپ ۋە يېقىنلىشىپ ئۆتمىدى. بەلكى ئۇ مەككىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئاز ۋە ئاجىز بولغان تۇرۇقلۇق كاپىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ باتىل مەئبۇدلىرىدىن ئادا ـ جۇدالىقنى ئېلان قىلدى. ئۇلارنى ئەخمەققە چىقاردى.الله تائالا ئۇنى ئېلان قىلىشنى بۇيرۇغان شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش،ئۇنىڭ ئەھلىنى ئاشكارا ئىنكار قىلىش،ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئاشكارا جاكارلىدى:

**«(ئى مۇھەممەد!)ئېيتقىنكى:«ئى كاپىرلار!سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرگە مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان نەرسىگە مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق.سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەقا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار يوق.سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.»** (كافىرۇن)،ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يولدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى،ئۇنىڭغا قارشى كەلگەنلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقىنى،ئۇنىڭ بۇ كاپىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا دۈشمەن بولىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى:**«(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار،سىلەرنىڭ اللەنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسەڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن.لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان اللەقا ئىبادەت قىلىمەن.مەن مۇئمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.»**(يۇنۇس **104**)،الله تائالا ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد!)ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارسا ئۇلارغا: **«مېنىڭ ئەمىلىم ئۆزۈم ئۈچۈن،سىلەرنىڭ ئەمىلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن،سىلەر مېنىڭ ئەمىلىمدىن ئادا ـ جۇدا،مەنمۇ سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ئادا ـ جۇدامەن.» دېگىن.»** الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مۇئمىنلەرگە ئۆگىتىپ:**«الله بىزنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىمىز، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىزئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن.»**دېدى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلدى:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ساھابىسىگە:(ئۇخلايدىغان چاغدا)«سۈرە كافىرۇن»نى ئوقۇ، ئاندىن ئۇخلا، شۈبھىسىزكى،ئۇ شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتۇر.»، «نىجادلىقنىڭ سەۋەبلىرى» دېگەن

كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان:«شۈبھىسىزكى، ئىخلاس كەلىمىسى (يەنى لااله الاالله) ئېغىر تەكلىپاتلار بىلەن ئورالغان. شۇڭا توغرا يولدىكىلەرنىڭ يېتەكچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت بۇنى دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمىگەن .ئۇ ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ يېتەكچىسى تۇرۇپ ،ئۇنىڭ اللهقا بولغان مۇھەببىتى پەقەت تاغۇتلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بىلەنلا تولۇق بولالىغان. الله تائالا بۇنى بىزگە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئېيتتى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار نېمە؟. سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ئۇلار مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، دوستۇمدۇر)» (شۇئەرا 75 ـ 77)، مانا بۇ الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا خەۋەر بەرگىنىدەك «لااله الاالله» نىڭ ھەقىقى مەنىسىدۇر: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى:«سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن مەن راستتىنلا ئادا ـ جۇدامەن ،پەقەت مېنى ياراتقان الله مېنى توغرا يولغا باشلايدۇ.» ئىبراھىم كەلىمە تەۋھىدنى ئەۋلادىدىن(شېرىك كەلتۈرگەنلەر)ئىمانقا قايتسۇن دەپ ئەۋلادى ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتتى.»(زۇخرۇف 26 ـ 28).ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئەگەشكۈچىلىرىگە مىراس قالدۇردى.پەيغەمبەرلەر بۇ كەلىمنى بەزىسى بەزىسىدىن مىراس ئېلىشتى. الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتۈيدى، ئۇنى بۇ سۆزنى خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاكارلىغاندەك جاكارلاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن الله ئەززە ۋە جەللە بۇ كەلىمىنىڭ مەنالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە «كافىرۇن»نى نازىل قىلدى.»(تەۋھىد توپلىمى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئېلان قىلدى، يوشۇرمىدى. ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە يەتكەن ئەرزىيەتلەر پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ۋە ياغلىشىپ ئۆتتۈشنى تاللىمىغانلىقى ئۈچۈنلا بولدى.(ئۇ ئەلۋەتتە كېلىشىپ ئۆتتۈشنى تاللاشتىن پاكتۇر)، رەسۇلۇللاھ پەقەت ئەشۇ مۆئمىنلەرنى اللهنىڭ ۋەدىسى، جەننەتتى ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن سەۋرلىك كىشىلەرنىڭ مەيدانلىرىنى بايان قىلىش بىلەن مۇستەھكەم قىلاتتى.ئۇ دىن يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەت، ئازابلارغا گىرىپتار بولۇۋاتقان ياسىر ئائىلىسىگە:«ئى ياسىر ئائىلىسى سەۋر قىلىڭلار.سىلەرنىڭ ۋەدە قىلىنغان

جايىڭلار جەزمەن جەننەت»دېگەن .

ۋە يەنە بەدەنلىرىگە قىزىتىلغان تۆمۈرلەرنى يېقىش بىلەن ئازابلانغان ، شۇڭا رەسۇلۇللاھتىن مۇشرىكلارغا قارشى رەببىگە دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپ كەلگەن خەببابقا مۇنداق دېگەن:«سىلەردىن ئىلگىرى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ ،ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورەك كولىنىپ ، ئورەككە بەدىنىنىڭ يېرىمى كۆمۈلەتتى .ئاندىن ھەرە بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايتتى .تۆمۈر تارغاقلار بىلەن تاراپ ،گۆشى بىلەن سۆڭەكلىرى ئايرىلاتتى .لېكىن بۇ ئىشلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى . اللە بىلەن قەسەمكى ،اللە بۇدىننى چوقۇم ئۇستۈن قىلىدۇ .سەنئادىن ھەزرەمەۋتكە ماڭغا كارۋان پەقەت اللەتىن ۋە بۆرىلەرنىڭ قويلارنى يەپ كېتىشىدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماي ماڭىدۇ .لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر .»(بۇخارى )②

ئۇ ساھابىلىرىگە شۇنداق دەيتتى . . . .شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا اللە ئۇنى بۇيرۇغاندەك مۇنداق دەيتتى:«سەن( ئۇ مۇشرىكلارغا):«مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن . ماڭا «ئىلاھىڭلار پەقەت يېگانە ئىلاھتۇر .»دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ .ئۇنىڭغا( ئىمان ۋە بويسۇنۇش ) بىلەن يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!»دېگىن .مۇشرىكلار ۋاي»(فۇسسىلەت 6 ) ، ۋە يەنە مۇنداق دەيتتى:«( ئى مۇھەممەد! )ئۇلارغا ئېيتقىنكى ،شېرىكلىرىڭلارنى ( ماڭا قارشى ) چاقىرىڭلار ، ئاندىن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار ،ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار ، ( مەن اللەقا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن) ،ھەقىقەتەن كىتابنى ( يەنى قۇرئاننى )نازىل قىلغان اللە مېنىڭ ئىگەمدۇر .ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ .

---

②رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مۇشۇنداق چىڭىتاتتى ،ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ اللە يولىدا سىنالغىنىدا چىدىيالماي قالماسلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى چىدامىلىقلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەسلىتەتتى .بۇ ئىش ئەممارنىڭ ۋەقەلىكىدە يۈز بەردى .لېكىن اللە ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى . . .لېكىن بۇ ھازىرقى زامانىمىزدىكى ئۆمۈرلىرىنى ھېچقانداق ھەقىقى مەجبۇرلۇق ۋە زۆرۈرىيەت بولماستىن رۇخسەت ،مەجبۇرلۇق ۋە زۆرۈرىيەت ھەدىسلىرىگە تايىنىپ ئۆتكۈزىدىغان ،بۇلارنى غەيرى ئورنىغا قويىدىغان ، باتىل ئىشلارغا ،كۇفرى ۋە شېرىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇشقا دەلىل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ . . . .ئۇنداق بولمىسا ھەق قاچان ئاشكارا بولىدۇ؟! . . . .

**سىلەرنىڭ اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ ،ھەتتا ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ .»** (سۈرە ئەئراف **195 ـ 197**) ،

مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن . . .ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زالىملار ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ رازى بولغان ،خۇرسەن بولغان ۋە خاتىرجەم بولغان ئەمەس . بەلكى غەزەپلىرى قوزغىلىپ ،قىيامەتلىرى قايىم بولۇشۇپ كەتكەن ئىدى . ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچە قېتىملاپ سودىلىشىشقا چاقىردى . . .لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ھىيلە قىلىۋاتقان باتىللىرىغا ۋە قوشۇنلىرىغا ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارىدى .ئۇ ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا شۇنچە ھېرىس تۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن باتىل ئۇستىدە يولنىڭ يېرىمىدا بىرلىشىش ۋە ياكى ئۇلار ياخشى كۆرۈدىغان بەزى باتىللىرىغا ئەگىشىشنى قەتئىي رەت قىلدى .بەلكى ئۇ دائىما ئۇلارغا خۇددى رەببى ئۇنى بۇيرۇغاندەك: «**(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى:«سىلەر(دۇنيادا)مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ،ۋە(ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر ،جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك! .»**دەيتتى .

شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەن بەزى ھەقنى ئاشكارىلاش ۋەقەلىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەرزىيەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى . بۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى باتىلغا ئالدىرايدىغان ،ئۇنىڭغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ، بۇ باتىللارنى قوبۇل قىلىۋاتقان ۋە دوست تۇتۇۋاتقان ،ھەقتىن ئارقىسىنى قىلىپ قېچىۋاتقان ، زالىملارغا مايىل بولۇۋاتقان ،ئۇلارنى ئۇلۇغلاۋاتقان ۋە مەدھىيەلەۋاتقان . . . ئالدانغان ، ئازغانلارنىڭ ئەھۋاللىرى قەيەردە؟ .ئۇلار اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ: «**ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە ،ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن قايتىش تەلەپ قىلىنسا ،مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا ، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى .**»(ئەھزاب **14**) ، اللە تائالادىن ئىسلامدا مۇستەھكەم قىلىشنى تىلەيمىز . ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئازدۇرغۇچى پىتنىلەردىن پاناھ تىلەيمىز .مەلۇمكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ۋە

مۇسۇلمان بولغانلار ئەگەر شىرىك ۋە شىرىك ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولمىغان، مۇشرىكلارنىڭ دىنىنى تىللاش ۋە ئىلاھلىرىنى ئەيىبلەش قاتارلىق ئىشلارغا ئالدىرىمىغان بولسا ئۇلارغا ھەرگىز بۇ تۈرلۈك ئەرزىيەتلەر كەلمىگەن بولاتتى..»

شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق شىرىكتىن ئادا جۇدا بولۇش سۈرىسى(يەنى كافىرۇن سۈرىسى) ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«الله تائالا رەسۇلۇللاھنى كاپىرلارغا :«سىلەر مېنىڭ ۋاتقان دىنىڭدىن مەن ئادا ـ جۇدا،مەن مېنىڭ ۋاتقان دىنىدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا.» دېيىشكە بۇيرۇدى.بۇ يەردىكى ئۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلاش ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتۇر.شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرمۇ شۇنداق دېيىشى كېرەك.بۇنداق قىلالمايدىكەن ھەرگىزمۇ دىنىنى ئاشكارىلىغان بولمايدۇ.شۇڭلاشقا ساھابىلەر بۇنى چۈشىنىۋېدى، مۇشرىكلار ئۇلارغا ئەرزىيەت بېرىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى.ئەگەر رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بىرەر رۇخسەت تاپالىغان بولسا،ساھابىلەرنى يات جايلارغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى.»

## 29 ـ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئەترابىدىكى بۇتلارغا سۈكۈت قىلغان» ،دېگەن شۈبھىگە رەددىيە

بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر كۆتۈرۈپ يۈرىشىۋاتقان بىر شۈبھە بار.يەنى بۇ بەزى جاھىللارنىڭ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىزگە نىسبەتەن مەنسۇخ بولغان (يەنى بىز ئۇنىڭغا ئەگەشمىسەكمۇ بولىدۇ.)» دېگەن سۆزىدۇر.ئۇلار بۇ سۆزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاجىزلىق دەۋرىدە مەككىدە تۇرغان 13يىل مەزگىلىدە بۇت سۇندۇرمىغانلىقى ھەققىدىكى قۇرۇق دەۋالىرىنى دەلىل قىلىشىدۇ.ھەتتا مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ـ ۋەھالەنكى ئۇ، كىتابلىرى بازارلارغا لىق تولۇپ كەتكەن،مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بىرى ـ لېنتىغا ئېلىنغان بىر قېتىملىق

تەبلىغىدا ماختانغان هالدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «شۈبھىسىزكى رەسۇلۇللاھ سىلەر ئىرادە قىلىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈگەن تۈنجى كىشى.چۈنكى ئۇ مەككىدە ئون ئۈچ يىل ئەشۇ بۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان تۇرۇغلۇق بۇ بۇتلارنى چاقمىغان ئىدى.....».(بۇنىڭ سۆزىگە ۋاي ھەسرەت!.)،بىز بۇ كىشىگە ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە شۇنداق دەيمىز:«شەك ـ شۈبھە يوقكى،سىلەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشتىن توسىۋاتقان نەرسە چۈشەنچەڭلارنىڭ تۆۋەنلىكى،زېھنىڭلارنىڭ تارلىقى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى پەقەت بۇت چېقىشقىلا چەكلەپ قويغانلىقىڭلار،بۇ يولنى پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى بۇ زالالەتتىن قايتارمىكىن دەپ بۇتىنىڭ بىرىنى چېقىپ،چوڭ بۇتنىڭ قولىغا پالتىنى تۇتقۇزۇپ قەۋمىنى ئالدىغانلىقى دەپلا گۇمان قىلىپ قالغانلىقىڭلار ۋە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ قەۋمىنىڭ بۇتلىرىنى سۇندۇرغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتىڭلارنىڭ يوقلىقى تۈپەيلىدىن بولىۋاتىدۇ.شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى سىلەرنىڭ تار نەزىرىڭلاردا گۇڭگا بولۇپ قالغان ۋە سىلەر بۇ توغرىسىدا بىرەر نەرسىنىمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ مۇشۇ بىمەنە سۆزلىرىڭلارچە بولىدىغان بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە قىزىقتۇرۇش ،يۈز ئۆرۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇش،ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنىڭ دەۋىتىنى، قەۋملىرىگە تۇتقان مەيدانىنى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە تۇتقان مەيدانلىرىنى تەپسىلي بايان قىلىش توغرىسىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى بىمەنە، تېگىدە ھېچقانداق پايدا يوق، ۋە ئارقىسىدا ھېچبىر مەنپەئەت بولمىغان بولۇپ قالىدۇ... ئى رەببىمىز سەن بۇنداق چوڭ بوھتاندىن پاكتۇرسەن...الله ئىبنى قەييۇمغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

كىم ئەگەر بىلەلمىسە بۇ ئايەتنىڭ قەدرىنى ،

جىم تۇرسۇن ئۇ، يۆگەپ چالا ئىلمىنى.

الله ئەززە ۋە جەللە مەنىسىز ئىش قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ كىتابىدا پايدىسىز بىر نەرسىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن پاكتۇر.بۇ كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرى پەقەت رەددىيە ۋە

www.uyghurkitap.com

تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان شۇبھىلەر ئەمەس.بەلكى بۇ ئۇلۇغ يولنى چۈشىنەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدىكى زىددىيەتلەردۇر. كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى تونۇشلۇق بولدى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى چۈشىنىلدى.ئۇنىڭ ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىۋاتقان ئىنكار قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش (يەنى شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىكنى ئاشكارا قىلىش،ئىبادەتنى اللەنىڭ ئۆزىگىلا خاس قىلىش ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇش) نىڭ ئىسلامنىڭ يىلتىزى ۋە «لااله الا الله»نىڭ مەنىسى ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى. ۋە دىنىنىڭ بۇ يىلتىزىنىڭ مۇستەھكەم تۇتقا بولۇپ،بۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئالىم ۋە جاھىللارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىرىمۇ،بىرەر دەلىل ئەكىلىشكە ئەسلا قادىر بولالمايدىغانلىقىمۇ ئاشكارا بولدى. بىز سىزگە الله تائالانىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنىڭ قەۋملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، ئۇلاردىن قانداق ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى،ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى قانداق ئاشكارا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇلارنىڭ بۇ بىۋاستە مەيدانىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېدى: **«ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار.»** (مۇمتەھىنە 4)،ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېدى:**«سىلەرگە ۋە اللەنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۇلاردا(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا) ياخشى نەمۇنە بار.»**(مۇمتەھىنە 6)، ئاندىن الله مۇنداق دېدى ـ اللەنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق ئاگاھ بولۇڭ:**«كىمكى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشتىن)يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلسۇنكى،)الله (ئۇلاردىن ۋە ئۇنداقلاردىن) بىھاجەتتۇر.الله مەدھىيىگە لايىق زاتتۇر.»** (مۇمتەھىنە 6)‌ . . . . بىز مەقسەت قىلىۋاتقان،چاقىرىۋاتقان ۋە كۆپلىگەن كىشىلەر سەل قاراۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى روشەن بايان قىلىندى. ۋە ئۇنىڭ اللەنىڭ ياردىمى، دىنىنىڭ ئىززىتى ۋە شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان يول ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولدى.ئىش شۇنداق تۇرسا، يەنىلا بۇ يولغا رەددىيە قايتۇرۇش نېمىگە ھېساب.بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئالىم: «رەسۇلۇللاھ

مەككىدە تۇرغان 13يىل مۇددەتتە بۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ، ئۇ بۇتلاردىن ئادا ــ جۇدا بولمىدى ،ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە ئاداۋەتنى ئاشكارىلىمىدى .» دېگەن بولىدۇ . ئۇنىڭ سۆزى مۇشۇنىڭغا مۇئەييەنلەشكەندىن كېيىن ،ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭ :«سەن ئۆزۈڭنى خرىستىئان ، ياكى يەھۇدىي ،ياكى مەجۇسىي ۋە ياكى باشقا بىر خالىغان نام بىلەن ئاتا . ئىسلام دىنىغا بولسا خەير ــ خوش دېگىن .»

## 30 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئاجىز ۋاقتىدىمۇ بۇت سۇندۇرغان

بىز دەيمىزكى ،ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك بۇتلارنى سۇندۇرۇش ئەمەلىيەتتىمۇ ۋە پەرەزگە ئاساسلانغاندىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ غاپىل قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ سادىر بولغان ئىشتۇر .مەككە پەتھى قىلىنغاندىكى بۇت چېقىشنى ئەمەس ،مەككىدە ئاجىز ۋاقىتتىكى بۇت چېقىشنى دەۋاتىمىز .ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توغرا ئىسناد بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل قىلىدۇ .ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:«مەن ۋە رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ قېشىغا باردۇق .رەسۇلۇللاھ ماڭا:« ئولتۇر ،»دېدى ۋە مېنىڭ مۈرەمگە چىقتى .مەن ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچىدىم .ئۇ مېنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ ،مۈرەمدىن چۈشۈپ كەتتى . ۋە ماڭا ئولتۇرۇپ بەردى .ۋە ماڭا: «مېنىڭ مۈرەمگە چىق .» دېدى .»ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ مېنى كۆتۈردى .مەن خۇددى ئەگەر خالىسام ئاسماننىڭ ئۇپۇقىغا چىقالايدىغاندەك ھېسياتتا ئىدىم .مەن ئاخىرى كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم . ئۇنىڭدا بىر مىس بۇت بار ئىدى .مەن ئۇنىڭ ئوڭ ،سول ،ئالدى ۋە كەينىدىن يېقىتىشقا ئورۇنۇپ كۆردۈم .ئاخىرى ئۇنىڭغا قادىر بولىۋىدىم ،رەسۇلۇللاھ:«ئۇنى تاشلا! .»دېدى . مەن ئۇنى تاشلىدىم ،ئۇ خۇددى ئەينەك سۇنغاندەك سۇندى .ئاندىن مەن يېنىپ چۈشتۈم . رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىككىيلەن بىرەرسىنىڭ ئۈچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىزدىن يۈرۈپ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق .» بۇ ھەدىسنى ھەيسەمى «زاۋائىدلار توپلىمى»دا

مەخسۇس«بۇت سۇندۇرۇش بابى»دەپ باب ئېچىپ كەلتۈرگەن.يەنە بىر رىۋايەتنىمۇ كەلتۈرگەن:«ئەلى رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كەئبىنىڭ ئۈستىدە بۇتلار بار ئىدى.مەن بېرىپ رەسۇلۇللاھنى ئۈنىڭ كەئبىگە چىقىشى ئۈچۈن كۆتۈردۈم. كۆتۈرەلمىگەن ئىدىم. رەسۇللاھ مېنى كۆتۈردى.مەن چىقىپ بۇتلارنى پارچىلىۋەتتىم..» يەنە بىر رىۋايەتتە: «شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيەرگە بۇت قويۇلمىدى.»دەپ كەلگەن.ھەيسمى:«بۇنى نەقىل قىلغۇچىلار ئىشەنچىلىك كىشىلەردۇر.»دېدى.بۇ ھەدىسنى يەنە ئەبۇ جەئفەر تىبرى «تەزھىيبۇل ئەسار»دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن ۋە بۇ ھەدىسنىڭ بەزى فىقھى پايدىلىرىنى بايان قىلغان.

## 31-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈك ۋاقىتىدىكى دەۋىتىنىڭ يىلتىزى ئاساسى مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن ئادا-جۇدالىقنى ئېلان قىلىش بولغان

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «بىزدىن ئاجىز زاماندا بۇ بۇتلار ھەر زامان ۋە ھەرماكاندىكى سۈرەتلىرى ۋە شەكىللىرى ھەرخىل بولغان مەيلى قەبرە،مەيلى تاغۇت،مەيلى قانۇن-تۈزۈم ياكى باشقا بىر نەرسە بولسۇن... .كۈچىمىز يەتكىننى قىلىش تەلەپ قىلىنغان..» دېيىشتىن سىقىلىپ قالمايمىز. بىز بۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى ئاشكارا قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسى دەپ قارايمىز.

شۇنداق تۇرۇقلۇق،ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى ئاجىز ۋاقىتتا بۇت سۇندۇرغانلىق ۋەقەسىنىڭ راست ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى جېدەللىرىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ،يەنىلا شۇنداق دەيمىز:«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىشتە ناھايىتى چىڭ ۋە مۇستەھكەم بولغان.ئۇ كاپىرلار بىلەن بىر لەھزە ھەم كېلىشىپ ئۆتمىگەن، ئۇلارنىڭ باتىللىرى ۋە ئىلاھلىرىغا سۈكۈت قىلىپ باقمىغان.بەلكى ئۇنىڭ ئەشۇ 13يىل ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتىكى مۇھىم نىشانى ۋە مەشغۇلاتى:«**اللەقا ئىبادەت قىلىڭلار،تاغۇتتىن يىراق بۇلۇڭلار**»دېيىش بولغان.

ئۇنىڭ ئون ئۈچ يىل مۇددەت ئەشۇ بۇتلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ـ ھازىرقى زاماندىكى كۇفرى قانۇنى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىۋاتقان ۋە ئۆزىنى دەۋەتكە نىسبەت بېرىۋاتقان جاھىللار قىلىۋاتقاندەك ـ ئۇ بۇتلارنى ماختىغانلىقى ،ھۆرمەتلىگەنلىكى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئاجىز تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى.ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.ئەگەر سىز مەككى سۈرىلىرىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلىدىغان بولسىڭىز ،بۇ سىزگە ئېنىق ئايدىڭ بولىدۇ.بۇنى نۇرغۇن ئايەتلەر ۋە اللەنىڭ تۆۋەندىكى پەيغەمبىرىنىڭ مەككىدە كاپىرلار بىلەن بولغان ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان سۆزى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ:**«كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان كىشى مۇشۇمۇ؟»(دېيىشىپ)سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.ھالبۇكى،ئۇلار مەرھەمەتلىك الله تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىدۇ.»** (ئەنبىيا **36**)، ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «يەنى بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلارنى تىللايدىغان ۋە ئەقىللىرىڭلارنى دۆتكە چىقىرىدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.»

سىز يەنە ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلارنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدىكى رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىكى ئاجىز ۋاقتىدىكى سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ. بۇنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ.تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ. كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلارنى تىللايدۇ ۋە ئەقلىمىزنى دۆتكە چىقىرىدۇ.دەپ قانداق سۈپەتلەۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ.سىز ئۇ كاپىرلارغا قاراپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى قورشاپ تۇرۇپ:«مۇشۇنداق دېگەن سەنمۇ؟.»دەۋاتقانلىقىغا ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھېچقانداق خۇشامەت ،قورقۇش ۋە ئەنسىرەش يوق ھالدا: «ھەئە، مۇشۇنداق دېگىنى مەن.» دەۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەمرى ئىبنى ئاستىن ،رەسۇلۇللاھ قۇرەيشكە ئاداۋىتىنى ئاشكارا قىلغان چاغدا قۇرەيشنىڭ قانداق قىلغانلىقى سورالغاندا ئۇ مۇنداق دېگەن:«بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىكلىرى ھىجرىغا يىغىلدى ۋە رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.ئۇلار:

«بىز مۇشۇ كىشى(يەنى رەسۇلۇللاھ)غا سەۋر قىلغاندەك بىرىگە سەۋر قىلىپ باقمىغان.ئۇ بىزنىڭ ئەقلىمىزنى دۆتكە چىقاردى،ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تىللىدى،دىنىمىزنى ئەيىبلىدى، بىرلىكىمىزنى بۇزدى. ئىلاھلىرىمىزنى تىللىدى. بىز ئۇنىڭغا چوڭ ئىشتا چىداۋاتىمىز..» ئۇلار شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە رۇكنى يەمانىنى سۆيدى.ئاندىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاچ ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى بىلەن ئەيىبلىدى،» مەن رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقىنى بىلدىم.ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.ئۇلار يەنە ئۇنى ئەيىبلىدى . مەن رەسۇلۇللاھنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقىنى بىلدىم.ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.ئۇلار يەنە ئۇنى ئەيىبلىدى . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئى قۇرەيش ئاڭلاپ تۇرۇڭلار! مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،مەن سىلەرگە سىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان نەرسىنى ئېلىپ كەلدىم»دېدى.ئۇنىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈتۈۋەتتى.ھەتتا ھەممىسى كاللىسىنى قۇش چوقۇماقچى بولغاندەك ساڭگىلىتىشتى. رەسۇلۇللاھقا ئەڭ ئۆچ كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ: «ئى ئەبۇ قاسىم،سىز جاھىل ئەمەس،قايتىپ كېتىڭ،»دېگەندىن باشقا ياخشىراق سۆز تاپالمىدى.رەسۇللاھ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ھەممەيلەن ھىجرى دېگەن يەرگە يىغىلدى.مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدىم.ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: «سىلەرنىڭ مۇھەممەدكە نېمە دېگەنلىكىڭلار،ئۇنىڭ سىلەرگە نېمە دېگەنلىكىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار.ھەتتا مۇھەممەد سىلەرگە سىلەر يامان كۆرىدىغان سۆزنى ئاۋۋال ئېيتقان بولسىمۇ،سىلەر ئۇنى قويۇۋەتتىڭلار.»دېدى.ئۇلار شۇنداق تۇرغان پەيتتە،رەسۇلۇللاھ كېلىپ قالدى.ئۇلار رەسۇلۇللاھنى قورشىۋالدى ۋە:«سەن ئىلاھلىرىمىزنى ۋە دىنلىرىمىزنى ئەيىبلەپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدىڭ ھە!»دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق دېدىم»دېدى. بىرەيلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ياقىسىنى بوغدى.شۇئان ئەبۇ بەكرى يىغلاپ تۇرۇپ:«پەرۋەردىگارىم اللەتۇر دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر.» دېيىدى. ئۇلار قايتىپ كەتتى.مانا بۇ مەن كۆرگەن قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئەڭ قاتتىق ئەرزىيىتى

ئىدى.»(ئەھمەد شاكىرنىڭ مۇسنەدىدىن ئېلىندى)

سىز«كىشلەرنى ئايرىۋەتتى»دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئويلىنىپ بېقىڭ.ئۇنىڭ شۇ زامانىسىدىكى كاپىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، بارلىق دىن دۈشمەنلىرىگە بولغان ئاشكارا دۈشمەنلىكىنىڭ،يولنى ئايرىش ۋە ئادا ـ جۇدالىقنى ئوچۇق بايان قىلىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ.بۇ ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامانىمىزدىكى دىن ئەھلىنىڭ باتىل ئەھلىگە مايىل بولىشىدىن ئىبارەت، پرىنسىپقا خىلاپ ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ.بۇ كىشلەر ھازىر كاپىرلار بىلەن كېلىشىپ، چىرايلىقچە ئۆتىۋاتىدۇ.بەلكى ئۇلارنى قوللاۋاتىدۇ،ئۇلارغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ.بۇ مەسلىنى دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت مەسلىسى دەپ قارىمايۋاتىدۇ.ھەتتا ۋەتەن ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۇچۇن ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇچاقلىرىدا يېتىشۋاتىدۇ. سۈتلىرىنى ئېمىۋاتىدۇ (ئۇلارنىڭ بەرگەن پۇللىرىنى خەجلىسەك بولىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ). بۇنداق يامانلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن اللەتىن ياردەم سورايمىز.

ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەن مۇشۇنداق كىشلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىر تۇتام پىتنىلەرگە چۆكۈپ كەتتى،قەلبلىرى زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك ئەھلىگە سۆيۈندى. كاپىرلار توغرىسىدا كۆپ ئىككىلىنىدۇ.ئىختىيارى، مەجبۇرى ھالدا ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى دۇنيانىڭ ئازغىنە ماتالىرىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا چۆمچىيىدۇ.ئىماننى دەۋا قىلغۇچى بارلىق مەيدانلاردا نىشانى پەقەت ھاۋايى ـ نەپسى ئۇچۇنلا ماڭسا،ئۇنىڭ قەلبىدە ئىمان قانداقمۇ ئورۇنلىشالىسۇن؟!. بۇلارنىڭ ئەھۋالى اللە تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغان كىشلەرگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە! .«(ئى مۇھەممەد!)قىلغان ئىشلىرىدىن(يەنى ھەقنى ياپقانلىقلىرىدىن)خۇشال بولىدىغان،قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيەلىنىشنى ياخشى كۆرۈدىغان كىشلەرنى ھەرگىز اللەنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ،دەپ گۇمان قىلمىغىن،ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»(ئالى ئىمران 188)،ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋاتقان بىدئەت ۋە زالالەتلەردىن خۇشال بولىشىدىيۇ،سۈننەتكە ئەگىشش ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ .بۇ ئىش توغرا يولدىن چەتنىگەن لېكىن ئۆزىنى ئىلىم ۋە ئىبادەتكە نىسبەت

بېرىۋاتقان كىشىلەردە كۆپ يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 32 ـ مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۇلارنى تىللاشنىڭ پەرقى

بۇ يەردە بەزىلەرگە مۇشكۈلات پەيدا قىلىۋاتقان بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى بىلەن اللە تائالانىڭ: **«مۇشرىكلارنىڭ اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھلىرىنى تىللىماڭلار. (ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ اللەنى تىللايدۇ.»** (ئەنئام **108**) دېگەن ئايىتى ئوتتۇرىسىنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش مەسىلىسىدۇر. بىز بۇ مەسىلىگە مۇنداق دەيمىز: بىز بۇرۇن باتىل ئىلاھلار ئەيىبلەش، ئەخمەققە چىقىرىش، قىممىتىنى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا بايان قىلغان نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ئاتىلىشتا «تىللاش» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت «تىللاش» ئەمەس. بەلكى كىشىلەرگە تەۋھىدنى بايان قىلىشتىكى ئەسلى مەقسەتتۇر.

بۇ ئەيىپلەشلەر بولسا، ئاتالمىش ساختا رەبلەرنىڭ ئىلاھلىقىنى بىكار قىلىش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى كىشىلەرگە بايان قىلىشتۇر. اللە بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەر اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان بۇ ئىلاھلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر. (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار. دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇ (مەبۇد) لارنىڭ ماڭىدىغان پۇتى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزى بارمۇ ۋە ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، شېرىكلىرىڭلارنى (ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار، (مەن اللەقا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)،**

هەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى)نازىل قىلغان اللە مېنىڭ ئىگەمدۇر.ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.سىلەرنىڭ اللەنى قويۇپ ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ،ھەتتا ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.» (ئەئراف 194 ـ 197)، ۋە يەنە: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟.» (مەريەم 42)،اللە تائالا سۈرە نەجمىدە مۇنداق دەيدۇ:«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (اللە تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)، (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان )ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان )قىز بالا اللەقا خاسمۇ؟.ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر. بۇ مەبۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەتتۇر. اللە بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق،ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك ـ شۈبھىسىزكى ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدۇ.» (نەجم 19 ـ 22)،شۇنىڭدەك بۇ ئىلاھلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بارلىق سۆزلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ئىبادەتكە ھەقلىق ئەمەسلىكى،ئۇلارنىڭ تاغۇت دەپ ئاتىلىشى كېرەكلىكى ۋە ياكى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ شەيتانغا ئىبادەت قىلىش بولىدىغانلىقى، ئۇلار ۋە ئۇ بۇتلارنىڭ جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

شۇنىڭدەك بۇ بايانلار تەۋھىدنى ئەملى تۇرغۇزۇش،باتىل ئىلاھلار ۋە مۇشرىكلارغا بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك،ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدەك: «ئىبراھىم ئېيتتى:«سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ بۇلار مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر.پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى(مېنىڭ ئىگەمدۇر).»(شۇئەرا 75 ـ 77)،ۋە يەنە:«ئۇ ئېيتتىكى، ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن.» (ئەنئام 78) ۋە يەنە «شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش سۈرىسى» (يەنى

كافىرۇن) ۋە باشقا سۇرىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار بۇنى ئۇقتۇرىدۇ. . .شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاۋۋالقى ئايەتتە چەكلەنگەن «تىللاش»نىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇ «تىللاش» ھېچقانداق چۈشەندۇرۇش ۋە بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پەقەت جەڭگە جېدەل قوزغايدىغان،شۇنداق قىلىپ مۇشرىكلارنىڭ دۇشمەنلىك ۋە جاھىللىق يۈزىسىدىن اللەنى تىللىشىنى كەلتۈرىدىغان تىللاشتۇر.ھازىرقى توقۇلما قانۇنلارنىڭ غالچىلىرىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ تەقەززاسى بويىچە،كىشىلەرنى بۇ قانۇنلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش،غەزەپلەندۇرۇش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشقا،ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىدىن ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم تەڭلەشتە داۋاملىشىۋاتقان قۇللىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا چاقىرىش،ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى، ھۆكۈملىرىنىڭ باتىللىقىنى،مۇرتەدلەرلىككە ۋە جازانىگە يول قويغانلىقى، پاھىشە ۋە بۇزۇق ئىشلارغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرغانلىقى بىلەن اللەنىڭ دىنىغا قارشى چىققانلىقىنى، اللە تائالانىڭ زىنا،بوھتان،ئوغرىلىق،ھاراق ئىچىش قاتارلىق ئىشلارغا بەلگىلىگەن جازالىرىنى بىكار قىلغانلىقى ۋە بۇ ئۇلۇغ قانۇنىنىڭ ئورنىغا بۇزۇق كۇفرانە قانۇنلارنى ئالماشتۇرغانلىقى بىلەن اللەنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى، . . .غا ئوخشاش ئىشلارنى بايان قىلىشلار ئايەتتە چەكلەنگەن «تىللاش»نىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.بۇلارنى بۇ قانۇنلارنىڭ قۇللىرى ۋە ياردەمچىلىرى «تىللاش»ياكى «تىل ئۇزارتىش»دەپ ئاتىۋالغان تەقدىردىمۇ، سىز يۇقىرىدا چۈشەنگىنىڭىزدەك دەۋەتچى ئۇچۇن ئاشكارا قىلىشى ۋاجىپ بولغان ئىشتۇر. ئەمما ئۇلارنى،ئۇلارنىڭ ھاكىملىرىنى،ھۆكۈمەتلىرىنى ۋە قانۇنلىرىنى پەقەت تىللىۋېلىش ئۈچۈنلا تىللاش بولسا چەكلىنىدۇ.چۈنكى بۇلار ئەشۇ بىلمىسزلەرنىڭ بۇ تىللىغۇچىنى، ئۇنىڭ دىنىنى ۋە يولىنى تىللىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇپەسسىرلەر: «ئاندىن اللەنى تىللايدۇ.»دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېدى:«ئاندىن ئۇلار سىلەرنى تىللاشقا بۇيرۇغۇچىنى تىللىماقچى بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىلمەستىن ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ اللەنى تىللاشقا باشلايدۇ.خۇددى بىر ئادەم يەنە بىرئادەمنىڭ دادىسىنى تىللىسا،ئۇمۇ ئۇنىڭ دادىسىنى تىللىغانغا ئوخشاش. چۈنكى غەزەپ ۋە ئاچچىق كىشىنى تەپەككۇرقىلىش ۋە ئويلىنىشتىن بۇراپ خۇسۇمەت قىلىشقا ئۇندەپ قويىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ اللەنى تىللاشقا باشلايدۇ .مۇھەممەد رەشىد رىزا ئۈزىنىڭ تەپسىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى تىللاشنىڭ سەۋەبى تىللانغۇچىنىڭ ھاقارەت قىلىنىشىغا چىدىماي تىللاشنى ئىرادە قىلىشىدۇر.بۇ تىللىغۇچى پەقەت ئۇنى تىللىغان كىشىنى ھاقارەت قىلىشنىلا ئويلايدۇ .» . شۇڭا باشقىلارنىڭ ئەقلىنى يوق قىلىشنىڭ ئورنىغا ،ئۇنى ئىشلىتىشكە چاقىرىڭ.ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇ تاغۇتلارنىڭ ساختىلىقى،ئۇلارنىڭ ئاڭلىمايدىغان ، كۆرەلمەيدىغان ،پايدا ــ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ، شاپائەت قىلالمايدىغان ، ئۆزى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغانلىقىغا قارىتىڭ . . .سىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ.ئۇ قەۋمىنىڭ دىققىتىنى ئەشۇ ئاتالمىش ئىلاھلارنىڭ ساختىلىقىغا قانداق قاراتتى.ھاقارەت ۋە دۈشمەنلىك ئۈچۈن ئەمەس،بەلكى ئۇلارنىڭ ئويلىنىشى ۋە پىكىر قىلىشى ئۈچۈن ۋە ئەقىللىرى بىلەن شۇ ئىلاھلار ھەققىدە توقۇنۇشىشى ئۈچۈن ئۇلارنى پىكىر قىلىشقا چاقىرىۋاتقانلىقىغا قاراڭ . ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۇلارغا قانداق پاش قىلىپ بەرگەنلىكىگە قاراڭ.ئاخىرى ئۇ ئۇلارغا مالامەت قىلغان ھالدا:«**سىلەرگە ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟** .» دېدى .

ئەگەر سىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقسىڭىز بۇ نۇقتىنى چۈشىنەلەيسىز.ئۇ قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھقا:«مۇنداق . .مۇنداق . . .سۆزلەرنى دېگەن سەنمۇ؟ .» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ ،:«قۇرەيشكە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ۋە دىنلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى يەتكەندە . . . . .»دەيدۇ.(دېمەك راۋى: رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرەيشنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ باتىللىقى ۋە ساختىلىقىنى بايان قىلغانلىقىنى قۇرەيش ئەيىپلەش ۋە تىللاش دەپ چۈشەنگەن ، دەيدۇ .) ئەمەلىيەتتە «ئەيىبلەش » دېگەن ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە تىللاشتۇر.ئىبنى تەيمىيە بۇنى شۇنداق چۈشەندۈرگەن . لېكىن بۇ يەردىكى ئەيىبلەش پەقەت تىللاش ئەمەس .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن تەۋھىدكە ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا چاقىرىش ئۈچۈن تۇرغان.مانا بۇنىڭ ھەممىسى مۇشرىكلارغا نىسبەتەن تىللاش ئىدى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ دىنىنى بىكار قىلىپ ، ئاتالمىش ئىلاھلىرىنى ئۇلار سۈپەتلەۋاتقان

سۇپەتلەردە يوق قىلىش بىلەن كەمسىتىدۇ.مانا بۇ ئۇلار چۈشەنگەن ئىلاھلىرىنىڭ ئەيىبلىنىشى ئىدى . .رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئازغۇنلۇق بىلەن سۈپەتلىدى . بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس،بەلكى ئۇلارنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتىن توختىتىش،زالالەتكە ئەگىشىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئىدى.قاسىمى ئۆزىنىڭ تەپسىرىسىدە رازىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېدى:«مانا بۇئايەت دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەدەب ئۆگىتىدۇ.چۈنكى بۇتلارنى پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ماددا دەپ سۈپەتلەشنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ھاقارەت قىلىشقا كۇپايە قىلىدۇ.يەنە تىللاشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.» ، بۇسۆزلەر پەقەتلا «تىللاش»بولمىغان تەقدىردىمۇ كاپىرلار ھەرگىز بۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ.چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى بىتچىت قىلىش ۋە ئىنكار قىلىشتۇر.شۇڭا ئۇلار بۇنى «تىللاش»دەپ ئاتىدى.خۇددى ئۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرى ئازغۇنلۇق بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋاقىتتا،بۇنى «تىللاش»دەپ ئاتىغىنىدەك.ئۇلار:«بىزنىڭ ئەقلىمىزنى دۆتكە چىقاردى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تىللىدى.دىنىمىزنى ئەيىبلىدى.بىرلىكىمىزنى بۆلدى ۋە ئىلاھلىرىمىزنى تىللىدى.» دېيىشكەن ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دىنىنى ئەيىبلەش ،ئالىملىرىنى نادانغا چىقىرىشنى ئاشكارا قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلار رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە بولغان دۈشمەنلىكنى تېزلەشتۈردى. ئۇلار: «ئۇ بىزنىڭ ئەقلىمىزنى دۆتكە چىقاردى، دىنىمىزنى ئەيىبلىدى،ئىلاھلىرىمىزنى تىللىدى.» دېيىشەتتى. مەلۇمكى،رەسۇلۇللاھ ھېچقاچان ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى، پەرىشتىلەرنى ۋە سالىھلارنى تىللاپ باقمىغان. پەقەت ئۇلارنى پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن.ئۇلار مۇشۇنىڭ ئۆزىنى تىللاش دەپ چۈشەنگەن.

خۇلاسە گەپ،يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى اللە تائالا توسقان «تىللاش»نىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بۇنداق ئىشلارنى قىلىش كاپىرلارنىڭ اللەنى ۋە اللەنىڭ دىنىنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولغان تەقدىردىمۇ،مۇسۇلمان بۇ سەۋەبتىن اللە ئۇنىڭغا پەرز قىلغان

تەۋھىدنى ۋە دىننى ئاشكارا قىلىشنى تەرك ئەتسە بولمايدۇ.چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ تىللىشى پەقەت ھۆججەت ۋە بايان كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈنلا بولىدۇ.چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللەقا ئىمان ئېيتىش،بارلىق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ...ئاگاھ بولۇڭ. بۇلارنى ھازىرقى زاماندىكى قانۇن، تۈزۈم،زۇڭتۇڭ...قاتارلىق تاغۇتلارغا دېيىلىشى كېرەك بولغان سۆزلەرگە قىياس قىلىپ بېقىڭ.ھەرگىزمۇ بۇ مەنانى تاش بۇتلارغىلا خاسلاپ قويماڭ...

(مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشتىن توسۇشتىن ئىبارەت) بۇ قائىدە پەقەت مۇباھ ۋە مۇستەھەب ئىشلارغىلا تەدبىقلىنىدۇ.ھەرگىزمۇ بۇ باھانىنى سۆرەپ چىقىپ، بەزىلەر چۈشىنىپ قالغاندەك، تەۋھىدنى بايان قىلىش، مۇشرىكلارنىڭ دىننى بىكار قىلىشقا ئوخشىغان پەرز ۋاجىپلارغا تەدبىقلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى تەتبىقلاشنى ھەممە دائىرىگە كېڭەيتىۋەتسەك، ئەلۋەتتە دىنىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋەيران قىلغان بولىمىز. (يەنى تەۋھىدنى ئۆلتۈرگەن بولىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى ئىبنۇلئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» مۇنداق دەيدۇ:«مانا بۇ، ھەق ئىگىسىنىڭ ئۆز ھەققىنى قوغدىسا،دىنى جەھەتتىن زىيان يېتىدىغان ئىش بولسا، ئۆز ھەققىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.بۇ توغرىسىدا ئۇزۇن بىر ئىزاھات بار.قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،ئەگەر بۇ ھەق ۋاجىپ ھەق بولسا،چوقۇم ئېلىنىدۇ.ئەگەر جائىز ئىش بولسا ئاندىن بۇ ھۆكۈم تەدبىقلىنىدۇ.»

مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دەيدۇ:«ئەبى مەنسۇردىن:«الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزنى كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇدى.ئەگەر بىز ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلساق ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ.مۆئمىنىنىڭ ھەقسىز ئۆلتۈرۈلىشى يامان كۆرۈلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ ۋە شۇنىڭدەك الله پەيغەمبىرىنى كاپىرلار يالغانغا چىقىرىپ تۇرسىمۇ،تەبلىغ ۋە دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى.ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن الله، تىللىنىشقا لايىق كەلمەيدىغان زات بولغان ئۆزىنىڭ تىللانماسلىقى ئۈچۈن تىللىنىشقا لايىق كېلىدىغان باتىل ئىلاھلارنى تىللاشتىن توسىدۇ؟.»دەپ سورالغاندا،ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن:«چۈنكى ئىلاھلارنى تىللاش مۇباھ، پەرز ئەمەس.لېكىن ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە تەبلىغ قىلىش پەرز.ئەگەر بىر ئىش مۇباھ بولسا،ئۇنىڭدىن زىيان كېلىپ چىقسا، توسىلىدۇ.ئەگەر پەرز بولسا،ئۇنىڭدىن

زىيان كېلىپ چىقىشىمۇ توسۇلمايدۇ.»»» ، يۇقىرىقىلار تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن بىز بايان قىلغان دىننى ئاشكارىلاشنىڭ ۋاجىپلىقىنى يوقىتا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارغا قارشى دەلىلدۇر.يەنى رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چېغىدا نامازدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، مۇشرىكلار ئاڭلاپ قالاتتى ـ دە، قۇرئاننى،قۇرئاننى نازىل قىلغان زاتنى ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگۈچىنى تىللايتتى.شۇڭا الله ئەززە ۋە جەللە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «**نامىزىڭدا (قىرائەتنى مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن. (مۆئمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى)ئۈچۈن پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.**»(ئىسرا **110**) .

مەككىدە اللەنىڭ يولىدىكى دەۋەت كەڭ يايغان،مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئاشكارا، بۇتلارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت دەۋىتى ھەممە كىشىگە مەلۇملۇق،ئۇلارنىڭ بۇتلاردىن ئادا ـ جۇدالىقى ئاشكارا ئېنىق ئىدى.ئىش مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، بەزى زىيانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇرئاننى يۇقىرى ئاۋازدا تىلاۋەت قىلىشنى تاشلاش دەۋەتنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيتتى،ۋە دەۋەتكە مەڭگۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.ئۇۋاقىتتا قۇرئان مۇشرىكلارنىڭ بېسىمىغا قارىماستىن ھەممە جايدا تارقالغان ئىدى....ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى، ئىسلامنى ئېلان قىلغان ئادەم «سابى» (دىنىدىن قايتقۇچى، دىنىغا ۋە بۇتلىرىغا كاپىر بولغۇچى)دەپ ئاتالغۇدەك دەرىجىدە ئاشكارا ئىدى.بۇ ئىش ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئاشكارا بولۇپ،ئۇنىڭدا ھېچبىر غۇۋالىق ۋە مۇجمەللىك يوق ئىدى.يەنە كېلىپ نامازدا قىرائەتنى نامازنىڭ سىرتىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇش نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن ئەمەس. شۇڭا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشنى تەرك ئېتىش بۇ سەۋەبتىن ۋە يۇقىرىدىكى ۋاجىپ بولمىغان مۇباھ ۋە مۇستەھەب ئىشلارنى تەرك ئېتىش قائىدىسىگە ئاساسەن جائىزدۇر.شۇڭا بۇ، ۋاجىپنى تەرك ئەتكەن بولمايدۇ.بەلكى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرگە ئاڭلىتىشى كۇپايە قىلىدۇ.مانا بۇ الله پەيغەمبىرىنى بۇيرۇغان نەرسىدۇر:« **(مۆئمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى)ئۈچۈن پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن** ».

## 33 ـ مۇشرىكلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن ئەبۇ تالىپنىڭ رەسۇلۇللاھنى پاناھىغا ئالغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

## 34 ـ مۇشرىك ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئىبنى دەغىننىڭ ئەبۇ بەكرىنى ھىمايىسىگە ئېلىشى ۋە نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا پاناھلىق بېرىشى

## 35 ـ مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش بىلەن ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنىڭ پەرقى

بۇ يەردە بەزىلەر سۆزىمىزگە قارشى دەلىل قىلىۋاتقان يەنە بىر شۈبھە بار. ئۇ بولسىمۇ ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پاناھىغا ئالغانلىقىدۇر.الله بۇنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ(الله)سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ .»(زۇھا 6)، يەنە شۇنىڭدەك كاپىرنىڭ مۇسۇلمانغا ئەمىنلىك ۋە پاناھلىق بېرىشى. . .يەنە شۇنىڭدەك نەجاشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى خرىستىئان دىنىدا تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلارغا پاناھلىق بەرگەنلىكى. . .قاتارلىق مىساللار بار.بۇ شۈبھىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: «مۇسۇلمان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەقىدە ۋە يولدا ئۆزىگە قارشى كېلىدىغان كاپىرنىڭ ھىمايىسى ۋە ئەمىنلىكى ۋە پاناھلىقىغا قانداق رازى بولىدۇ؟ .بۇ مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا زىت كەلمەمدۇ؟ .»

بىز بۇ شۈبھىگە مۇنداق دەيمىز،اللەنىڭ توغرىغا يەتكۈزۈشنى تىلەيمىز: بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىغا زىت كەلمەيدۇ.چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىز ئىلگىرى بايان قىلغاندەك ئىككى مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ:

بىرى:مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ۋە اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بارلىق تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش،

يەنە بىرى:باتىل ئىشلىرىدا داۋاملاشقان،بويۇنتاۋ مۇشرىكلارغا دۈشمەنلىك قىلىش،

بۇ ئىشنىڭ بىرىنچىسى ـ يەنى باتىل ئىلاھلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ـ بىز ئىلگىرى بايان قىلغاندەك،مۇسۇلماندىن يولنىڭ بېشىدىلا كېچىكتۈرمەستىن ئېلان

قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ دەۋەتنىڭ ئاساسىنى بىلەلىشى، بۇ ئىشنىڭ دىنغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۈنىڭ بىلەن سۈپەتلىنىدىغان دەرىجىدە تونۇشلۇق بولىشى ئۈچۈن ،مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بىر گۇرۇھ كىشىنىڭ ئاشكارا ئىلان قىلىش ۋاجىپتۇر.

ئەمما ئىككىنچىسى بولسا ـ يەنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ـ ئۇ مۇشرىك باتىلدا ،ھەق ۋە ھەق ئىگىلىرىغا دۈشمەن بولۇشتا داۋاملاشمىغۇچە ئاشكارا قىلىنمايدۇ. خۇددى ئەبۇ تالىپتەك ...ئۇ كۇفرىدا قالغان بولسىمۇ ،لېكىن ھەق ۋە ھەق ئەھلىگە ھېچقانداق بىر دۈشمەنلىك قىلمىدى.بۇنىڭ ئەكسىچە ھەق ئىگىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھقا ياردەم بەرگۈچى ۋە قوغدىغۇچى بولدى.ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇخارى نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دەيدۇ:«مەن تاغاڭ ـ ئەبۇ تالىپ ـ نىڭ ئورنىدا بولالمايمەن.ئۇ سېنى قوغدايتتى،ساڭا ياردەم بېرەتتى، ۋە سەن ئۈچۈن غەزەپلىنەتتى.....» ،گەرچە ئەبۇ تالىپنىڭ رەسۇلۇللاھنى قوغدىشى تەئەسسۇبىيەت، نەسەب مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بولغان بولسىمۇ... سىز ئەللامە شىنقىتىنىڭ «ئەزۋائۇلبايان» نىڭ ئۈچىنچى تومىدىكى فاجىر كىشى ۋە تەئەسسۇبىيەت ۋە نەسەب مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ـ گەرچە بۇ مۇناسىۋەتلەر باتىل بولسىمۇ ـ دىننى كۈچلەندۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلىغا قاراپ بېقىڭ.بۇ مۇشۇنداق ياردەمچى ۋە پاناھىغا ئالغۇچىلارنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىلدۇر.بۇ كاپىر دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سېپىدەتۇرمايدىكەن،ھەتتا ھەق ئەھلىنى قوغدايدىكەن، ئاخىرقى لەھزىگىچە ئۈنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشى ۋە ھەققە ئەگىشىپ قېلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ...بۇنىڭغا قوشۇپ بۇ ياردەم بەرگۈچى كاپىر، دەۋەتچىنىڭ تۇغقىنى بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنى دىنغا چاقىرىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدى.چۈنكى ئەبۇ تالىپ مۇنداق دەيتتى:

قەسەم اللەقا!زىيان بەرمەس ساڭا ھېچكىم،
قەۋرەمگە يول ئالماي ھاياتلا بولسام.
ئىشىڭنى قىل ئېلان،قورقما زىياندىن،
قىل خۇشال خەلقنى،كۆزلەرنى خۇرسەن.

بۇ يەردە ھەممىدىن بۇرۇن بىلىۋېلىش زۆرۈر بولغان يەنە بىر مۇھىم ئىش بار.ئۇ بۇ تېمىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەۋلا نۇقتىدۇر.يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى بىلەن بۇخىل قوغدىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغان بولسىمۇ،لېكىن دەۋەت ۋە دىن توغرىسىدا سۈلھىلىشىپ ، چىقىشىپ باقمىغان.بەلكى ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى چۈشىنەتتى ۋە ئۇنىڭ باتىل ئىلاھلارغا بولغان ئەيىبلىشى ۋە ئاداۋىتىنى ئاڭلىغان. قۇرەيش ئەبۇ تالىپ بىلەن بىرلىشىپ رەسۇلۇللاھنى دەۋىتىدىن ، ئىلاھلىرىنى ئەيىبلەشتىن ۋە ئەقىللىرىنى دۆتكە چىقىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشكە ئورۇنۇپ باقتى.ئەبۇ تالىپمۇ مۇشۇنىڭغا ئۇرۇنغان چاغدا،رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن سۈلھىلەشمىدى.ئۇنى قوللايدىغان،قوغدايدىغان ۋە پاناھىغا ئالىدىغان تاغىسىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىش ئۈچۈن دىن بارىسىدا بىرەر ئىشتىنمۇ ۋاز كەچمىدى.بەلكى ھەممىگە مەشھۇر بولغان مۇنۇ سۆزنى ئېيتتى:«الله بىلەن قەسەمكى!سىلەر قۇياشتىن بىرەر پارچە ئوتنى ئېلىپ چۈشەلىشىڭلار مۇمكىن،لېكىن مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەن بۇ رىسالەتنى تاشلاشقا ھەرگىز قادىر ئەمەسمەن. »(تىبرانى ۋە باشقىلار نەقىل قىلغان) ، ۋە يەنە ئۇ تاغىسىنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشىغا ناھايىتى ھېرىس بولسىمۇ،ئۇنى باشتىن ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ كاپىر تاغىسى بىلەن بىرەر مۇھەببەت ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى باغلاپ باقمىغان.ئۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ ئۈلگىمىز ۋە نەمۇنىمىز تۇرۇپ قانداقمۇ شۇنداق قىلسۇن! . الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«سەن اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن بىر قەۋمنىڭ اللەقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشىلىق قىلغانلارنى ــ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى،ئوغۇللىرى يا قېرىنداشلىرى ۋە ياكى ئۇرۇغ ــ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ــ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن. . . .»** (مۇجادىلە **22**) شۇڭا ھىدايىتىگە ھېرىس بولۇش باشقا ئىش، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت باغلاش باشقا ئىش.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئۇنى قوغدىغانلىقى،ھىمايە قىلغانلىقى ۋە پاناھلىق بەرگەنلىكىگە قارىماستىن،ئۇ ئۆلگەن كۈنىسى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى.بەلكى الله ئەززە ۋە جەللە ئۇنى مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توستى:**«پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەرگە مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس. . .»**(تەۋبە **113**)،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە: «سېنىڭ قېرى ئازغۇن داداڭ ئۆلۈپ كەتتى.ئۇنى كىم دەپنى قىلىدۇ؟ .» دېگەن ،لېكىن «بېرىپ ئۇنى دەپنى قىل .»دېمىگەن.(ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائى)

يەنە شۇنىڭدەك شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى كاپىرلاردىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان جامائىتى توغرىسىدىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ .الله تائالا بۇ توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:«كاپىرلار:«ئى **شۇئەيىپ!بىز سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز.بىز سېنى ئەلۋەتتە ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز.سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى ،بىز سېنى ئەلۋەتتە تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق ، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن .»دېدى.»** (هود **91**) ،شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىمۇ كاپىر ئىدى . اللەنىڭ ئەلچىسى سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ كاپىرلار ئېھتىيات قىلىۋاتقان ھىمايىچىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭدەك ئىدى: «**ئۇلار: «ئۆز ـ ئارا الله بىلەن قەسەم قىلىشىڭلار.»دېدى.ئۇلار ئېيتتى: «بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى،ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ)ئىگىسىگە (ھامىيسىغا)، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇستىدە ئەمەس ئىدۇق،بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز، دەيلى.»** (نەمل **49**) .

مەن بۇنىڭغا يەنە كاپىرنىڭ مۇسۇلمانغا ـ مۇسۇلمان ئۇنىڭغا ئۆزىنى خار قىلىپ دوستلۇق بىلدۈرۈپ يالۋۇرماستا ـ ياردەم بېرىشى ،ھىمايىسىگە ئېلىشى ۋە قوغدىشى بىلەن مۇسۇلماننىڭ بۇ ياردەمنى ئۆزىنى خارقىلىش ،ئاجىزلىق كۆرسىتىش ، خۇشامەت قىلىش ، ئۇنىڭ باتىللىرىنى ئىقرار قىلىش ياكى سۈكۈت قىلىش ياكى شېرىك ئىشلىرىغا رازى بولۇشلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پەرقىنىڭ بارلىقىنى قوشۇپ قويماقچىمەن . چۈنكى بىرىنچىسىدە كاپىر ياردەمنى پەقەت ئۆزى ئويلاپ قەلبتە ئىچ ئاغرىتىش ، تەرەپبازلىق ۋە يېقىنچىلىق سەۋەبىدىن بېرىدۇ.شۇڭا بۇ ئىككى ھالەتنىڭ پەرقى ناھايىتى روشەن. ئەگەر سىز كاپىرلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى مىساللارنى تەھلىل قىلسىڭىز، بۇ ياردەملەرنىڭ بىرىنچى خىل ياردەمگە(يەنى كۇفرىنىڭ ئۆزى خالاپ ياردەم

بەرگەنلىكىگە) تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.ئەبى جەئفەر تاھاۋىنىڭ «مۇشكەلىل ئەسار»ناملىق كىتابىدا مۇشۇ ھەقتە ئىنچىكە بىر سۆزى بار.ئۇ بۇ كىتابىدا جەڭدە مۇشرىكلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ الله تائالانىڭ«ئى مۆئمىنلەر!ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى سىرداش قىلىۋالماڭلار،ئۇ سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشىشىپ قالمايدۇ....» دېگەن سۆزى ئارقىلىق توسۇلغانلىقى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئۆزى خالاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلغان.بۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسىڭىز بۇ توغرىسىدا زور مەنپەئەتلەرنى ئالالايسىز...ئىبنى دەغنە نىڭ ئەبۇ بەكرنى ھىمايىسىگە ئېلىشى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

يەنە مۇشرىك ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش،ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتۈش ۋە قەلبلىرىنى ھەققە مايىل قىلىشلارمۇ شۇنىڭ قاتارىدىن. چۈنكى بالىسىدىن تەسىرلىنىش ۋە ئۇ چاقىرىۋاتقان ھەققە ئەگىشىش ئۈمىدى بار.ھەتتا ئۇنى اللەقا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇسىمۇ،ئۇلار اللەنىڭ يولىدىن توسىدىغان دۈشمەنلەر سېپىدە تۇرمىغانلا بولسا بۇ ئىشنى ئۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار دىنغا دۈشمەنلىك قىلسا،خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ اللەنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك ئادا ـ جۇدا بولۇش كېرەك . ھەتتا خۇددى ئەبۇ ئۇبەيدە بەدرى جېڭىدا قىلغاندەك (ئۇ مۇشرىكلار سېپىدە تۇرغان دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ۋە ئۆلتۈرۈش كېرەك... ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ بىز ئىلگىرى بايان قىلغاندەك، دەسلەپ ئاتىسىنىڭ قەلبىنى ھەققە قىزىقتۇرۇپ باقتى،ئۇنى چىرايلىقچە دەۋەت قىلدى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ۋە شەيتاننىڭ دوستلىرىغا بولىدىغان اللەنىڭ ئازابىغا قېلىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئاشكارا قىلدى.... لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ اللەقا ئاشكارا دۈشمەن ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولدى...الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سۈرە مۇھتەھىنەدە بىز چاقىرىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنى ئۈلگە قىلىشتىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقىنى ئايرىۋالدى.ۋە

مۆئمىنلەرنى سۈرە تەۋبىدە مۇشرىكلارغا ـ گەرچە ئۇلار ئۇرۇغ تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توستى: «**پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەرگە مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس...**»(تەۋبە **113**)

«**ئىبراھىمغا دادىسىنىڭ اللەنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئاشكارە** بولۇۋىدى، **دادىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى ۋە ھەلىم ئىدى.**»

الله تائالا يەنە:«**ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار.**» دېدى. ۋە بۇنىڭ ئىچىدىن:«**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.**»دەپ بەزىلىرىنى ئايرىۋالدى. (ئەنكەبۇت **46**)

نەجاشىنىڭ مۇھاجىرلارغا بەرگەن ئامانلىقىمۇ شۇنداق بولغان. سىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ـ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئامانلىقىغا كىرگەن تۇرۇقلۇق ـ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ دىنىغا خىلاپ كېلىدىغان ئەقىدىسىنى ئاشكارىلاشتىكى مەيدانىغا قاراپ بېقىڭ... نەجاشى اللەنىڭ تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان كالامىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. قوللاش ۋە قوبۇل قىلىشنى ئاشكارا قىلدى ۋە ئۇلارغا ئەمىنلىك بەردى. مۇسۇلمانلار ھەربىر كىشىگە ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئەقىدىسىنى ئاشكارىلىدى. اللەنىڭ تەۋپىقى بىلەن نەجاشى ۋە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا دىنىنى ئاشكارا قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى.

بۇ توغرىسىدىكى شۇبھىلەرگە بېرىلگەن تەپسىلىي رەددىيەلەرنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەننىڭ «لەززەتلىك بۇلاق» دېگەن رىسالىسىگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

بۇ توغرىسىدىكى خۇلاسە سۆز شۇكى،باتىل ئەھلى بىلەن دۈشمەنلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرى،باتىل دىنلىرى،سېسىق قانۇنلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش... دىنىنىڭ چوڭ ئاساسىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىدۇر. ئۇ سىز چۈشىنىپ ئۆتكەندەك ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىزى ۋە ئاساسى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇستەھكەم ھۆكۈمدۇر.ئەگەر زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇنى بىكار قىلىش ئۈچۈن توپلانسىمۇ،بۇنىڭغا ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ.بۇنىڭغا قارشىلاشقۇچىلار ــ خۇددى سىز كۆرۈۋاتقاندەك ــ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايدىغان پارچە ــ پۇرات ئەرزىمەس مىساللاردىن باشقا ھېچقانداق دەلىل ئەكىلەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ مىساللار ئۇلار مەقسەت قىلىۋاتقاندەك بىرەر خاس ھۆكۈمنىمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ. سىز بۇ يولنىڭ مۇستەھكەم،كاتتا ئاساس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىڭىز،بۇ يولغا قارشىلاشقۇچىلارنىڭ بۇ مۇستەھكەم ئاساسقا زىت كېلىدىغان پارچە ــ پۇرات دەلىللىرىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيسەن. چۈنكى اللەنىڭ ئايەتلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىمۇ ھەم شۇنداق... شۇڭا ئالدامچىلارنىڭ شۈبھىلىرىدىن ئاگاھ بولۇڭ، ۋە ئۇنىڭغا ئالدانماڭ...

«دەۋەتچىلەر قەۋمى بىلەن مانا مۇشۇنداق چېگرا ئېنىق ئايرىلغان مەيداندا تۇرۇشى كېرەك.بۇ چېگرانى ئايرىش تولۇق بولغان كۈنى اللەنىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىش،دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىلىش توغرىسىدىكى ۋەدىسى ئەمەللىشىدۇ.تارىختىن بۇيانقى دەۋەت تارىخىدا اللەنىڭ دوستلىرى دۈشمەنلىرىدىن ئەقىدە ئاساسىدا ئايرىلمىغۇچە، ئاندىن پەقەت اللەنىلا تاللىمىغۇچە، اللە ئەززە ۋە جەللە دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمىغان(يەنى دوستلىرىغا ياردەم بېرىپ،دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلمىغان). اللەقا چاقىرىدىغان دەۋەتچىلەر ئۈچۈن اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىدە ناھايىتى ياخشى ئۈلگە بار.ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە چوقۇم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولىشى كېرەك... ئۇلاردا ھەرقانداق تاغۇتلارنىڭ ئالدىدا اللەقا تەۋەككۈل قىلىش روھى بولىشى كېرەك... تاغۇتلار ئۇلارغا پەقەت ئازراق ئەرزىيەتتىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.ئۇلار بىلىشىشۇنكى،بۇ ئەرزىيەتلەر اللەنىڭ ئۇلارغا نۇسرەت بېرىشى ئۈچۈن قىلىنغان سىناق. ھەرگىزمۇ اللەئەززە ۋەجەللىنىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ بەرگەنلىكى ئەمەس. لېكىن بۇ سىناقلار قەلبلەرنى ۋە سەپلەرنى تازىلاپ تاۋلايدۇ.ئاندىن دەۋرنىڭ چاقى مۆئمىنلەرگە يۈزلىنىدۇ.اللە ئۇلارغا

ياردەم ۋە ئەمىنلىكتىن ئىبارەت ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ.» (فى زىلال قۇرئاندىن)

## 36 ـ كىشىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ئالدىدىكى تۈرلىرى

سىز ئاخىرىدە كىشىلەرنىڭ بۇ ھەق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ:

**1** ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى يۇقارىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، الله يولىدا مالامەتچىلەرنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان مۇستەھكەم ئەركەكلەر. مانا بۇ ياردەم بېرىلىدىغان، ھەقتە ئاشكارا تۇرىدىغان گۇرۇھقا تەۋە كىشىدۇر. كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان دەۋەتچىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى يۇرتتىكى ھۆرمەت بىلەن زەپەر قۇچقۇچىدۇر. ئۇ الله تائالا مۇنداق سۈپەتلىگەن كىشىدۇر: «**الله غا (يەنى اللهنىڭ تەۋھىدىگە ۋە بويسۇنۇشقا) چاقىرغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟**.» (فۇسسىلەت 33)، ئۇ تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدۇر: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىدىغان مۆئمىن ياخشى....»

ئەرزىيەتلەر ئۇنىڭغا پەقەت ئۇ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئەكەلگەنلىكى، باتىل ئەھلى بىلەن كېلىشىپ ئۆتمىگەنلىكى، ئۇلارغا مايىل بولمىغانلىقى، بەلكى ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقى، ئۇلارغا ئاداۋەتنى ئاشكارا قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا ياردەم بېرىدىغان مەنسەپ، خىزمەت، ۋەزىپە ۋە ھەرقانداق يوللارنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ھاسىل بولدى. كىمنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ دىياردا ۋە بۇ جەمئىيەتتە

تۇرۇشى گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر يەردىن ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق رەھىمە ھۇللاھ اللەتائالانىڭ:«**ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگە بار.**»دېگەن ئايەت ۋە «**ئارىمىزدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئاشكارا بولدى.....**»دېگەن ئايەتتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇيەردىكى مەقسەت رەببىنى يېگانە دەپ تونۇغان كىشى ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرىگە بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاش زۆرۈردۇر. كىمدە كىم بۇنى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمىلى جەھەتتىن ئەمىللەشتۈردىكەن،بۇنى شۇ شەھەر ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان دەرىجىدە ئاشكارا قىلىدىكەن،ئۇنىڭغا بۇ شەھەردىن ھىجرەت قىلىپ كېتىش پەرز بولمايدۇ.ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇپ،روزا تۇتۇپ،ھەج قىلالىغىنى ئۈچۈن ھىجرەت مەندىن ساقىت بولدى،دەپ قارايدىكەن،مانا بۇ ئۇچچىغا چىققان بىلمىسزلىك ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدىن غەپلەتتە قېلىشتۇر.»

كىشلەرنىڭ بۇ تۈرى ئەگەر ھەقنى ئوتتۇرىغا قويسا،ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئازابلىنىش تەھدىتىگە دۇچ كەلسە،ئاندىن ھىجرەت قىلىدىغان بىرەر شەھەرنى تاپالمىسا،ئۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنى چىڭ تۇتقان ۋە شۇ دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن تاغقا قېچىپ كەتكەن ئەسھابۇلكەھف تە ياخشى ئۈلگە بار..ۋە ئەقىدىسى،تەۋھىدى يولىدا كۆيدۈرۈلگەن، قىلىچلىك ئاجىزلىق كۆرسەتمىگەن، بويسۇنمىغان ئورەك ئىگىلىرىدە ياخشى ئۈلگە بار..ۋە الله يولىدا ھىجرەت قىلغان،جىھاد قىلغان، ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدە ياخشى ئۈلگە بار... رەببىڭ ساڭا ھىدايەت قىلىش ۋە ياردەم بېرىشكە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.

ئەگەر بۇ ھەقىپەرۋەرلەر مەۋجۇت بولمىسا،
زېمىن بولار ئۆز ئەھلىنى تىترەتكۈچى،
لېكىن ئۇلار گوياكى تاغ،قوزۇق ئاڭا،
قوزۇق بولسا،يوقتۇر ئاڭا سەكرەتكۈچى.
زېمىن بولار قاپقاراڭغۇ،زۇلمەت گويا،

www.uyghurkitap.com

گەر بولمىسا ئۇلار ھەقتە چىڭ تۇرغۇچى.

لېكىن ئۇلار ئوخشايدۇ بەك تولۇن ئايغا،

قۇياش كەبى زۇلمەتلەرنى يورۇتقۇچى.

**2** ـ ياكى ئورۇن جەھەتتىن يۇقىرىقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان.بۇ كۆڭۈل تارتمايدىغان ئىشلار بىلەن ئۇرالغان يوللاردا چىڭ تۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان، دىنىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئۇنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان كىشىلەر.... بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن تاغ ـ جەزىرىلەرگە چىقىپ اللەقا ئىبادەت قىلىدىغان،ئۆزىنىڭ دىنىنى پىتنىلەردىن ساقلايدىغان كىشىدۇر.

**3** ـ ياكى ئاجىز بولغاچقا ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئۆزىنىڭ شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن قوغدىنىش، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىگە يۈزلەنگەن، كاپىرلاردىن يىراقلاشقان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن،ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا رازى بولغانلىقىنى ھېچقاچان ئاشكارا قىلمىغان،بۇ باتىللارنى ھەرقانداق شەكىللەردە قوللاپ باقمىغان كىشىدۇر.بۇ تەۋھىدىنى سالامەت ساقلاپ قېلىش، قەلبىنىڭ شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىگە بولغان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تەسكىن تاپىدىغان ھالدا قېلىشى ئۈچۈن بولىدۇ.ئۇ چەكلىمىلەرنىڭ يوقىلىشىنى ۋە دىنىنى ئېلىپ دىنىنى ئاشكارا قىلالايدىغان باشقا شەھەرلەرگە ھىجرەت قىلىپ كېتىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ. مۇھاجىرلارنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان ھىجرىتىدەك.

**4** ـ ياكى باتىل ئەھلىگە بولغان رازىلىقىنى ئاشكارا قىلغۇچى،ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئازغۇنلۇقلىرى بىلەن كېلىشىپ ئۆتكۈچىدۇر.بۇ خىل كىشىنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بولۇپ،بۇنى شەيخ ئىبنى ئەتىق مۇنداق بايان قىلغان:

بىرىنچى ھالەت:ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھالدا كۇپرى بىلەن مۇۋاپىقلىشىش.(بۇ ئىنساننى دىندىن چىقىرىدىغان كۇپرىلىقتۇر.) مەيلى ئۇلار مەجبۇرلانسۇن ياكى مەجبۇرلانمىسۇن. اللە تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولغان (يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان)كىشى اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.»** (نەھل **106**)

ئىككىنچى ھالەت: سىرتىدا كۇپىرىغا قارشىلاشقاندەك قىلىسمۇ،ئىچىدە مۇۋاپىقلىشىش ۋە مايىل بولۇش.مانا بۇلار كاپىردۇر.مۇناپىقتۇر.

ئۈچىنچى ھالەت:ئۇلارغا ئىچىدە قارشىلىق قىلىپ،سىرتىدا مۇۋاپىقلىشىش. بۇ ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ:بىرتەرەپتىن،بۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى،باغلىشى ۋە ئۆلۈم بىلەن تەھدىد سېلىشىدىن ئىبارەت بېسىم ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇۋاقىتتا ئۇنىڭغا قەلبىدە ئىمان بىلەن مۇستەھكەم بولغان ھالدا سىرتىدا ئۇلار بىلەن مۇۋاپىقلىشىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ.خۇددى ئەممار ئىبنى ياسىردەك.الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**قەلبى بىلەن ئىماندا مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدا)ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا(يەنى كاپىر بولمايدۇ).**»(سۈرە نەھل **106**)، مەن بۇنداق كىشىلەرنىڭ دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ساھابىلىرى قىلغاندەك تىرىشچانلىقلارنى قىلىشى، دائىما: «**ئى پەرۋەردىگارىمىز! ، بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن،ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل،ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل.**»دەپ دۇئا قىلىشى كېرەك،دەيمەن.

## 37ـ مەجبۇرلانماستىن دۇنياسىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ مۇشرىكلارغا مايىل بولۇش كۇفرىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن،ئۇلارنىڭ كاپىرلارغا كۆڭلىدە قارشىلىشىپ تۇرۇپ،سىرتىدا ماسلىشىشى بېسىم ئاستىدا ئەمەس،بەلكى بىرەر مەنسەپ،مال ـ دۇنيا،ياكى ئائىلە ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلىشتىن قورقۇپ ۋە ياكى مال دۇنياسىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان زىياندىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن بولىدىغان بولسا،بۇ ھالەتتە ئۇ مۇرتەد بولىدۇ.ئۇنىڭ قەلبىدىكى يامان كۆرىشى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.ئۇ الله بايان قىلغان تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:«**بۇ(ئازاب ياكى ئۇلارنىڭ كۇفرى بولىشى)ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە اللهنىڭ كاپىرلارنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.**»(نەھل **107**)،الله تائالا ئۇلارنىڭ كاپىر بولۇش سەۋەبىنىڭ بىلمەسلىك ياكى

ئىمانغا بولغان ئۈچمەنلىك ۋە ياكى باتىلغا بولغان مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دۇنياۋى نېسىۋىلەرنى دىنىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. مانا بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.»

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سۆزى ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا بايان قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«بىلگىنكى، سالىھ مۇسۇلماننىڭ ئەگەر شېرىك كەلتۈرسە ياكى شېرىك كەلتۈرمىسىمۇ مۇشرىكلار بىلەن ماسلاشسا كاپىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر اللەنىڭ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدە ناھايىتى كۆپ. مەن ساڭا بۇيەردە پەقەت بىر ئايەتنى ئەسلىتىمەن. ئەھلى ئىلىملەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ ھەرقانداق زامان ياكى ماكاندا شۇنى دەپ سالسا كاپىر بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«**كىمكى اللەقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا،قەلبى بىلەن ئىماندا مۇستەھكەم تۇرسىمۇ،مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۇرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا(يەنى كاپىر بولمايدۇ).**» (نەھل **106**)،بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى بايان قىلىندى. ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ مەككە ئەھلى ئازابلىمىغان كىشى توغرىسىدا چۈشكەنلىكىنى،ۋە بۇ كىشىنىڭ پەقەتلا قورقۇپ قەلبىدە يامان كۆرسىمۇ تىلىدا شېرىك سۆزنى ئېيتسا،ئىماندىن كېيىن كاپىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى.»

## 38 ـ مەجبۇرلىنىشنىڭ يوللۇق بولىشىنىڭ شەرتلىرى ۋە گۇناھقا مەجبۇرلىنىش بىلەن كۇفرى سۆزگە مەجبۇرلىنىشنىڭ پەرقى

مانا بۇ، يۇقىرىقى شەيخ ئىبنى ئەتىقنىڭ سۆزى ۋە شەيخ سۇلايماننىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن بىردەك. ئۇنىڭ سۆزى بەك مۇھىم سۆزدۇر. ئەگەر بۇ سۆزلەر ئەشۇ داڭلىق ئالىملارنىڭ سۆزلىرى بولماستىن،بىزلەرنىڭ سۆزىمىز بولغان بولسا ئىدى ـ بۇ سۆزلەرگە ئايەتلەر ئېنىق دالالەت قىلىپ تۇرسىمۇ ـ بىزلەرنى «خاۋارىج، كاپىرغا چىقارغۇچى»

دېيىشكەن بولاتتى.بۇ مەسىلە كۇفرى سۆزىنى دېگۈچىگە ئۆزرە بولالايدىغان مەجبۇرلاش مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ.بىز بۇيەردە مەجبۇرلانمىغان، ئۇرۇلمىغان، ئازابلانمىغان، ئۇلارنى مۇشرىكلارغا مۇۋاپىقلىشىش،دوستلۇق بىلدۈرۈشنى ئاشكارا قىلىشىغا پەقەت دۇنيانى ياخشى كۆرۈش،كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش، مال ـ دۇنيا تاما قىلىش،تۇرالغۇلارغا كۆزى قىيماسلىق....لار سەۋەب بولىۋاتقان كىشىلەرنى كۆزدە تۇتىۋاتىمىز.مانا بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىك ۋە ئۇنىڭ يوقاپ كېتىدىغان مەنپەئەتلىرىنى دىنىنى،تەۋھىدىنى ۋە ئەقىدىسىنى بېرىپ سېتىۋېلىشتۇر. ئۇلار مەجبۇرلۇقنى قالقان قىلىۋېلىشى،زۆرۈرىيەتنى دەۋا قىلىشلىرى مۇمكىن.لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ھەقلىق ئەمەس(يەنى ھەقىقى مەجبۇرلانغۇچى ئەمەس).شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا سۇرە ئالى ئىمراندا مۆئمىنلەرنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن چەكلىگەن ۋە ھەقىقى مەجبۇرلانغۇچىغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:**«الله سىلەرنى ئۆزىدىن قورقۇتىدۇ.ئاخىرى قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر. ئېيتقىنكى،: «دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار،مەيلى ئاشكارىلاڭلار،الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.»»** (ئالى ئىمران **28 ـ 29**)،يەنە بۇئايەتنىڭ كەينىدىنلا مۇنداق دەيدۇ:**«ئۇ كۈندە(يەنى قىيامەت كۈنىدە)ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى،يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ،(ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى،)ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا(مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك)ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ.الله بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر.»** (ئالى ئىمران **30**)،مانا بۇ اللەنىڭ كىتابىنى تەپەككۇر قىلىپ باققان ۋە ئەقلى مەۋجۇت بولغان كىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەھدىت !...لېكىن الله كىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلىدىكەن، سەن ئۇنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلاشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسەن.(يەنى سەن قانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ ئۇ چۈشەنگىلى ئۇنىمايدۇ.)...نۇرغۇنلىغان مەجبۇرلانغۇچىلارنىڭ قاتارىغا كىرەلمەيدىغان كىشىلەر مەجبۇرلانغانلىقنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ... شۇڭا ئالىملار مەجبۇرلىنىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەرنى بايان قىلدى:

ـ مەجبۇرلىغۇچى ئۆزى تەھدىت سالغان ئىشنى قىلىشقا قادىر بولسا،

مەجبۇرلانغۇچى قېچىپ كېتىپ بولسىمۇ ،ئۇنى توسۇشتىن ئاجىز كەلسە ،

ـ ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇزىگە جازانىڭ چۈشىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالسا ،

ـ جازا شۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان بولسا ،يەنى:بۇنداق قىلمىساڭ ،مەن سېنى ئەتە ئۇرىمەن ، دېسە بۇ مەجبۇرلاش بولالمايدۇ .

ـ جازانى كۆتۈرۈۋېتىشكە كۈچايە قىلغۇدەك ئىشتىن زىيادە قىلماسلىق .

ئالىملار مەجبۇرلانغۇچى تەھدىت سېلىنغان ۋە قورقۇتۇلغان ئىشلار توغرىسىدا گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا زورلاش بىلەن كۇفرى سۆزى ۋە كاپىرلارغا دوستلۇق بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسنى ئايرىدى .ئۇلار ئىككىنچى ئىشقا نىسبەتەن تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئازابلانغان كىشىگىلا رۇخسەت بېرىشتى . ئۇلار بۇنىڭغا ئۇلتۇرۇش ،ئوتتا كۆيدۈرۈش ، ئەزالارنى كېسىۋېلىش ،تۈرمىگە مۇددەتسىز سولاش قاتارلىق ئىشلارنى مىسال قىلدى .ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆزى دېگەن ھېلىقى (كۇفرى)سۆزىنى پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ،تۈرلۈك ئازابلارنى تارتقان ،قۇۋرۇغلىرى سۇنۇپ كەتكەن ۋە الله يولىدا نۇرغۇن ئەرزىيەتلەرنى تارتقاندىن كېيىنلا دېگەن ئىدى .لېكىن ئەشۇ بۇزۇقچىلىقلارغا ، شېرىك ۋە باتىلغا چۆمۈپ كەتكەن تۈرۈقلۇق مەجبۇرلىنىشنى ئۆزرە قىلماقچى بولغان كىشىلەر ئەممار ئېرىشكەن رۇخسەتنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ . دېمەك بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ، الله كىمنى ئازدۇرۇشنى ئىرادە قىلىدىكەن ،سەن ئۇنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلاشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسەن . (يەنى سەن قانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ ئۇ چۈشەنگىلى ئۇنىمايدۇ . ) . . .

مەن يەنە بۇنىڭغا ئالىملارنىڭ «كۇفرى سۆزلىرىگە مەجبۇرلىنىش» بابلىرىدا يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ ئەرزىيەتلەرگە چىداپ ۋە ئىرادىلىك بولۇپ ئەجىر ئۈمىد قىلىشنىڭ اللەنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئەۋزەل ۋە كاتتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى قوشۇپ قويىمەن .ساھابىلەر ،تابىئىنلار ۋە ئالىملارنىڭ تۇتقان مەيدانلىرى مۇشۇنداق مەيدان بىلەنلا دىننى ئاشكارا قىلىش ۋە ئەزىز قىلىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر .سىز سەھىھۇل بۇخارىنىڭ بۇھەقتە كەلتۈرگەن ھەدىسلىرىگە قاراپ بېقىڭ . بۇ توغرىسىدىكى

كۆرۈنۈشلەر ۋە مەيدانلار ساناپ بولالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ. مەسىلەن ئىمام ئەھمەدنىڭ قۇرئاننى مەخلۇق دەيدىغان پىتنىگە تۇتقان مەيدانى...

ئالىملار يەنە اللە تائالانىڭ :«**بەزى كىشىلەر:«اللەقا ئىمان ئېيتتۇق»دەيدۇ. اللەنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا،كىشىلەر تەرىپىدىن كەلگەن كۈلپەتنى اللەنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ.....»**(ئەنكەبۇت **10**) دېگەن ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇلار يەنە تاللاش ئىختىيارلىقى بار شارائىتتا مەجبۇرلۇقنىڭ ئۆزرە بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.بۇ شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان ئەھۋالغا ئوخشايدۇ.ئۇلار شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامغا كۇفرىغا قايتىش بىلەن زېمىنىدىن چىقىپ كېتىش ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى.شۇڭا ئالىملار بۇخىل ئەھۋال ئاستىدا كۇفرىنى ئىزھار قىلىشقا رۇخسەت بەرمىدى.

بىز بۇلارنى پەقەت، دىن ۋە ئۇنىڭ دەۋەتچىلىرى ۋە ئۇنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇغان دىن ئەھلىلىرى غېرىب بولىۋاتقان مۇشۇ زاماندىكى اللە ئۇلارغا ئەقىل ۋە تەۋھىد نېئمىتىنى ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن نەقىل قىلدۇق.لېكىن بۈگۈن نۇرغۇن كىشىلەر قىلچىلىك مەجبۇرلۇقسىز،ئىختىيارى ھالدا ھۆكۈمەت ۋە تاغۇتلارنىڭ دىنىغا كىرىشمەكتە.ئۇلار بۇنى پەقەت دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن،ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرى، ماللىرى،مەنپەئەتلىرى ۋە مەنسەپلىرىنى دىندىن ئارتۇق بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.ئۇلار بۇ دىننى ناھايىتى ئاز مال ـ دۇنياغا تېگىشىۋاتىدۇ ۋە سېتىۋاتىدۇ.سىز ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ!.بولمىسا نادامەت چەككۈچىلەردىن بولۇپ قالىسىز...

## 39 ـ دۇنيادىكى ھۆكۈم قىلىش سىرتىغا قاراپ بولىدۇ.سىرلىرى اللەقا تاپشۇرۇلىدۇ.

يۇقارىدىكى بايانلار بىلەن كىشىلەرنىڭ شەيخ ئىبنى ئەتىقنىڭ سىرتىدا مۇشرىكلار بىلەن ماسلىشىپ،ئىچىدە ئۇلارغا قارشى تۇرغان كىشىلەر توغرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسىنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولىدۇ.بۇ كىشىنى شۇنداق قىلىشقا ھەقىقى مەجبۇرلاش ئەمەس،بەلكى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ئۈندىگەن.ئۇنىڭ «كۆڭلىدە ئۇلارغا قارشىلاشقان»دېگەن سۆزىدىن مەقسەت ئۆزىنىڭ دەۋاسىدا مەن ئۇلارغا قارشى دەپ ئويلايدىغان كىشىدۇر.ئۇنداق بولمىسا بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىدە ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى قانداق بىلەلەيمىز.بۇنى پەقەت ۋەھيي يولى بىلەنلا بىلىش مۇمكىن.خۇددى ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئەنىڭ قىسسىسىدەك.... اللەئەززە ۋە جەللە بىزنى كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە تەكلىپ قىلمىدى.بەلكى بىز سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز...بىز قەلبىدە نىفاقنى يوشۇرۇپ،سىرتىدا ئىسلامنى دوست تۇتىدىغانلىقنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقنى ئېلان قىلغان كىشىگە قىلىچ ئۇرمايمىز.لېكىن مۇشرىكلارغا بولغان دوستلۇقنى ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇشنى ئىزھار قىلغان كىشى ئىچىمدە ئىسلامنى يوشۇرىۋاتىمەن.دەپ دەۋا قىلسىمۇ ئۇنىڭ باشلىرىدا قىلىچ ئوينىتىمىز.الله ئەززە ۋە جەللە بىزلەرنى دۇنيا ھۆكۈملىرىدە سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشىمىزغا بۇيرۇدى.قەلبىتىكىنى بولسا پەقەت الله بىلىدۇ.ئۇ راستچىل بىلەن يالغانچىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە ئاساسەن ھېساب ئالىدۇ ۋە نىيەتلىرىگە ئاساسەن تىرىلدۈرىدۇ.بۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەئبىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن،ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلانغانلار ۋە باشقا ئىش ئۈچۈن ماڭغانلارمۇ بولغان. ئاندىن الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىۋەتكەن، ئۇلار نىيەتلىرىگە قاراپ تىرىلدۈرىلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدىكى ھەدىسى دەلىلدۇر. مانا بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر،ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە كىشىلەر ۋەھيي بىلەن تۇتۇلاتتى.كىم بىزگە ياخشىلىقنى ئاشكارا قىلسا(ئىسلامنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىسا)،ئۇنىڭغا ئىشىنەتتۇق ۋە يېقىنلىشاتتۇق. سىرلىرىنى بىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس ئىدى. كۆڭۈللىرىدىن پەقەت الله ھېساب ئالاتتى.كىمكى بىزگە يامانلىقنى ئاشكارا قىلسا(ئىسلامغا بويۇنتاۋلىق قىلسا)، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتۇق ۋە تەستىقلىمايتتۇق.گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى بولسىمۇ..»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭ ۋە باشقا چاغلاردا كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە

قىلالتتى. ئاﺑﺒﺎس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىسلامنى دەۋا قىلالتتى ۋە ئۆزىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرەتتى. لېكىن ئۇ مەككە كۇفرى دىيارى بولسىمۇ شۇنىڭدا قېلىپ قالدى، ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلمىدى. ۋە بەدرگە مۇشرىكلار بىلەن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇنى ئەسىر ئالدى، ۋە ئۇنىڭ كۆز ـ قارىشى ۋە ئىسلامنى يوشۇرغانلىق دەۋاسىغا قاراپ ئەمەس، سىرتىدىكى ئەمىلى كۆرۈنۈشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى ئۇ مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ، مۇشرىكلارنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن. ئۇنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بىرگە چىقىشتا مەجبۇرلانغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىنى باھانە قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئىسلامنى دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە:«الله سېنىڭ ئىشىڭنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر سەن (مەجبۇرلاندىم دېگەن)دەۋايىڭدا راستچىل بولساڭ، الله سېنى شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما سېنىڭ ئىشىڭنىڭ ئاشكارىسى بىزگە قارشى بولدى، ئۆزۈڭگە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋال.» دېدى. (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، راۋىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغاندىن باشقا، باشقا راۋىلار ئىشەنچىلىك، ) قانداقلا بولمىسۇن، بىزگە بۇ توغرىسىدىكى سەھىھۇل بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرمۇ كۇپايە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئىشىنىڭ سىرتىغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلغان، باشقا ئەسىرلەرنى فىدىيە بەرمىگۈچە قويۇپ بەرمىگەنگە ئوخشاش تاغىسى ئاﺑﺒﺎس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىمۇ فىدىيە بەرمىگۈچە قويۇپ بەرمىگەن. سەھىھۇل مۇسلىمدىمۇ سەقىفنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەنى ئۇقەيلدىن بىر كىشىنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقى، گەرچە ئۇ ئىسلامنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى قويۇپ بەرمىگەنلىكى بايان قىلىنغان.

## 40 ـ ھاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئەنىڭ قىسسىسى

بۈگۈن بىزنىڭ دۇنيادىكى مۇئامىلە ۋە ھۆكۈملەردە كۆڭلىگە قاراپ ئەمەس بەلكى سىرتىغا قاراشقا بۇيرۇلغانلىقىمىز مەلۇم بولىدۇ. مانا بۇ الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ بىزلەرگە قىلغان پەزلى رەھمىتىدۇر. ئۇنداق بولمىسا ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بارلىق

جاسوس، بۇزۇق ۋە مۇناپىقلارغا ئويۇن ۋە كۈلكە بولۇپ قالغان بولاتتى.بۇلار ماس كەلمىسمۇ ھاتەبنىڭ مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى قىلغان ئىشنى دەلىل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئەخمەق قىلىشتەك قىلمىشلىرىدا بەخىرامان داۋاملاشماقتا... كۇفرى ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ ئەمىلىنىڭ سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەمەللىرى تەقەززا قىلىۋاتقان ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىشتەك جازالارنى يۈرگۈزۈشى دىنىنىڭ ئاساسىدۇر.مۇرتەدلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ شۇنچە باھانىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ،پەزىلەتتە ئۇلۇغ بولغان ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئۇلارغا ئۆلۈم ۋە ئەسىرلىك جازالىرىنى بەرگەنلىكىنى بىلگەن كىشى بىز مەقسەت قىلىۋاتقان،ئىشنىڭ سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ.بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولماقچى بولغان كىشى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە مۇراجىئەت قىلسۇن.... ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاتەبنىڭ قىسسىدە مانا مۇشۇنداق چۈشەنگەن.ۋە بۇ چۈشەنچىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان،ھەممىگە مەلۇمكى،رەسۇلۇللاھ ئۆمەرنىڭ بۇ چۈشەنچىسىگە رەددىيە قايتۇرمىغان. ۋە بۇ ئورۇندا:«بىر كىشى قېرىندىشىنى «كاپىر»دېسە،بۇ سۆز بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە قايتىدۇ..»دېگەن سۆز بىلەن رەددىيە بەرمىگەن. بەلكى ئۆمەرنىڭ ھۆكمىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ھاتەبكە ئوخشاش الله تەرىپىدىن ئاقلانغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرگە مۇشۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغان.رەسۇلۇللاھ مۇنۇ سۆزى بىلەن ھاتەبنى بىزگە ئاقلاپ بەردى:«ئى ئۆمەر! سەن اللەنىڭ بەدرى ئەھلىگە نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيسەن....»،ھاتەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇخارىدە بايان قىلىنغاندەك مۇنداق دېدى:«مەن بۇنى كاپىر ياكى مۇرتەد بولۇپ ۋە ياكى ئىسلامدىن كېيىن كۇفرىغا رازى بولۇپ قىلمىدىم.»،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاقلاپ: « ئۇ سىلەرگە راست ئېيتتى.»دېدى.ئۆمەرنىڭ ھاتەبنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھۆكۈمگە ئالدىرىغانلىقى ساھابىلەرنىڭ نەزىرىدە ھاتەبنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ سىرتقى كۆرىنىشىنىڭ كۇفرى ۋە مۇرتەدلىك بولىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.ئەبۇ يەئلا ۋە ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە ھاتەب:«مەن بۇنى رەسۇلۇللاھنى ئالداش ئۈچۈن ياكى مۇناپىق بولۇپ

دېمىدىم.مەن اللەنىڭ، پەيغەمبىرىنى چوقۇم ئۇستۈن قىلىدىغانلىقىنى ۋە نۇرىنى مۆكەممەل قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن.» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە:«اللە بىلەن قەسەمكى،يا رەسۇلۇللاھ،ئىمان قەلبىمدىن ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق.»دېدى. سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇخارىدا بايان قىلىنغان:«ئۇ سىلەرگە راست ئېيتتى.»دېگەن سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ.رەسۇلۇللاھ بەدرىگە قاتناشقان بۇ ساھابىنى ئايرىپ چىقىرىۋالدى ۋە ئۇنى ئاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە،ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى مۇرتەد ياكى كاپىر بولۇپ قىلمىغانلىقى،بەلكى بۇ چوڭ گۇناھ قاتارىدا سانىلىپ بەدرى جېڭىگە قاتناشقانلىقىنىڭ بەدىلىگە مەغپىرەت قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى. ھاتەبنىڭ قىسسىسىگە تايىنىۋېلىپ،كاپىرلارغا دوستلۇق بىلدۈرۈش مەسىلىسىنى ئاددىيلاشتۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ بۇ كۇفرى ئەمەللىرىنى چوڭ گۇناھقا ئۆزگەرتەلەيدىغان بەدرى جېڭىگە قاتناشقان، اللە ئۇلارنى ئاقلاپ بەرگەن كىشىلەر بارمۇ؟.

بىز بۇ سوئالنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن كۇفرى ۋە مۇرتەدلىك ھېسابىدا قىلمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سورايمىز.بىز ۋەھيي ئۈزۈلگەندىن كېيىن كىمنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كىممۇ ئۇلارنى ئاقلاپ،ئۇلارغا گۇۋاھ بولالىسۇن.شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا مايىللىقنى،دوستلۇقنى ۋە ماسلىششىنى ئاشكارىلىغان كىشىنىڭ سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشىمىز ئاساسى قائىدىدۇر.ئەگەر ئۇ ئەكسىچە بولسا،ئۇنىڭ سىرلىرىنى اللەلا بىلىدۇ.مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۇنى كۇففارلارنىڭ سېپىدە ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ، نىيىتىگە ئاساسەن تىرىلدۈرىلىدۇ.ئەگەر ئەسىر ئېلىنسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك كاپىرلارنىڭ ھۆكمى تەدبىقلىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى-گەرچە ئۇ ئىسلامنى يوشۇرغانلىقىنى دەۋا قىلسىمۇ-ئۆلتۈرۈشتە ئۆزرىلىك. بۇ توغرىسىدا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ كەئبىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ،يولدا زېمىنغا يۇتقۇزۇۋېتىلگەن كىشىلەر توغرىسىدا ۋە ئابباسنىڭ بەدرى جېڭىدا مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا

قاراپ بېقىڭ.(پەتىۋالار مەجمۇئەسى ۋە زادۇلمىئاد دېگەن كىتابتا بار) سىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ سۆزىگە ۋە «**ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ جانلىرىنى پەرىشتىلەر ئېلىشۋاتقاندا...**» دېگەن ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى توغرىسىدا ئويدان ئويلىنىپ بېقىڭ...بۇ مەسىلىدە سەھىھۇل بۇخارى ۋە باشقا كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ... ئۆزىڭىزنى روھلۇق تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىڭ...غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزىڭىزنى ئېچىڭ....تەقلىدچى ھورۇن ۋە راھەتپەرەسلەر بىلەن بىرگە بولۇپ قالماڭ....

ھافىز ئىبنى ھەجەر فەتھۇلبارىدا ھاتەبنىڭ يازغان خېتىنىڭ ئەينى لەفزىنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:«مەقسەتكە كەلسەك،ئى قۇرەيش ئەھلى، رەسۇلۇللاھ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلكۈندەك بىر قوشۇن بىلەن كېتىۋاتىدۇ.الله بىلەن قەسەمكى،ئۇ ئۆزى يالغۇز كەلگەن تەقدىردىمۇ،الله ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەن بولاتتى.ئۆزۈڭلارغا ھېزى بۇلۇڭلار ....»(سۇھەيلىمۇ مۇشۇنداق بايان قىلغان)

ئەگەر ئاقىل كىشى ھاتەبنىڭ يازغان خېتىنى ۋە ئۇ خەتتىكى ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى،رەسۇلۇللاھنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلىشىنى ۋە شۇنداق تۇرۇقلۇق الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ ئۇنىڭ قىلغان مۇشۇ ئىشى تۈپەيلىدىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ تېرىلىرىنى تىترىتىدىغان بۇ كاتتا ئايەتلەرنى نازىل قىلغانلىقىنى ئويلىنىپ باقسا، ــ «**ئى مۆئمىنلەر،مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار ،ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى ۋە قۇرئاننى)ئىنكار قىلغان تۇرسا،ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىۋاتىسىلەر،ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللهغا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى،ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار،(ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار.)سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن(يەنى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن)ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.**»( مۇمتەھىنە 1) ،ئەگەر سىز بۇنى ئويلىنىپ

باقسىڭىز،(الله سىزنى توغرىغا يېتەكلىسۇن)،سىز الله تائالانىڭ ھاتەبكە قانداق قاتتىق تەگكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى دۇشمەنلىرىگە دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش دەپ قارىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقىدىغان بولسىڭىز...ئاندىن سىز ھازىرقى زاماندىكى ئۆزىنى ئىسلام ۋە دەۋەتكە نىسبەت بېرىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىغا،ئۇلاردىن سادىر بولۇۋاتقان قانۇنىنىڭ قۇللىرى،ياۋروپالىقلارنىڭ يالاقچىلىرى ۋە تەۋھىدنىڭ دۈشمەنلىرىگە بەخت تىلەش،خۇشامەت قىلىش،ھەتتا ياردەم بېرىشلىرىگە ، ئۇلار ئاشكارا قىلىۋاتقان دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قانۇنلىرى،ھۆكۈمەتلىرىگە بولغان دوستلۇق ۋە ھۆرمەتلەشلىرىگە قارايدىغان بولسىڭىز....ئەلۋەتتە بۇ دىننىڭ ھەقىقەتەن غېرىب بولغانلىقىنى ۋە بۇ دىننىڭ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھەقنى تونۇغۇچى ئەھلىنىڭ نەقەدەر غېرىب بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىسىز...بۇدىنغا سەل قاراشتىن ساقلىنىڭ... ساقلىنىڭ...

## 41 ـ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقانلىقى ۋە ھەقىقى مەجبۇرلانغۇچىنىڭ بايانى

شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق مۇنداق دەيدۇ:«نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزرە دەپ قاراۋاتقان ئىشلار ئەمەلىيەتتە شەيتاننىڭ ئالدىشى ۋە ئازدۇرىشىدۇر.بۇنداق بولىشى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شەيتان ئۇلارنى مۇنداقلا قورقىتىپ قويسا،مۇشرىكلارغا ماسلىشىش ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇش دۇرۇس بولىدۇ،دەپ گۇمان قىلىدۇ.»،ئاندىن ئۇ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ كۇفرى كەلمىسىگە زورلىنىشنىڭ پەقەت ئۇرۇش،ئازابلاش ۋە ئۆلتۈرۈش بىلەن بولىدىغانلىقى،ھەرگىزمۇ سۆز بىلەن، مال ـ دۇنيا،ئايالىدىن ئايرىۋېتىش...لەر بىلەن قورقۇتۇش بىلەن بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى بايان قىلدى.ۋە يەنە مۇنداق دېدى:«ئەگەر سەن بۇلارنى بىلگەن بولساڭ،ۋە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلگەن بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى چۈشەنگەن بولاتتىڭ:«ئىسلام غېرىب بولۇپ باشلاندى.پات يېقىندا ئىلگىرىكىدەك غېرىب

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ....»ئىسلام ھەقىقەتەن غېرىب بولدى.ئۇنىڭدىن بەكراق ئۇنى ھەقىقى چۈشىنىدىغانلار غېرىب بولدى.اللەتىن تەۋپىق تىلەيمىز.»

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب («تەيسىرۇل ئەزىيزىلھەمىد» نىڭ ئاپتورى)ئۆزىنىڭ «شېرىك ئەھلى بىلەن دوست بولۇشنىڭ ھۆكمى»دېگەن رىسالىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:«بىلگىنكى، ــ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن ــ ئەگەر ئىنسان مۇشرىكلاردىن قورقۇپ،خۇشامەت قىلىپ،ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇش ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ ئۇلارنىڭ دىنىغا ماسلىشىدىغانلىقىنى ئاشكارا قىلسا ــ گەرچە ئۇ مۇشرىكلارنى يامان كۆرسىمۇ، ئۆچ بولسىمۇ،ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرسىمۇ ــ ئۇ ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر..»

## 42 ـ نەجدى(مەككە) ئۆلىمالىرىنىڭ تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارغا دوست بولغانلارنى كاپىرغا چىقارغانلىقى

ئاندىن ئۇ مۇشرىكلارغا مال بىلەن ياردەم بېرىش،دوستلىشىش ۋە مۇسۇلمانلاردىن دوستلۇقنى ئۈزۈۋېتىش ھەققىدە قاتتىق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن پەقەت مەجبۇرلانغۇچىلا مۇستەسنادۇر.مەجبۇرلانغۇچى دېگەن مۇشرىكلار ئۇنىڭغا ئىگە بولىۋالغان كىشىدۇر.ئاندىن مۇشرىكلار ئۇنىڭغا: «كاپىر بول،ياكى مۇنداق قىل.ئۇنداق قىلمىساڭ بىز سېنى ئۇنداق قىلىمىز،ۋە ئۆلتۈرىمىز.»دەيدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ ئازابلاشقا باشلايدۇ.مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قەلبى ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان ھالدا تىلدا ماسلىشىپ بېرىشكە رۇخسەت.ئالىملار چاقچاق قىلىپ كۇفرى سۆزىنى سۆزلىگۈچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن تۇرسا، دۇنيانى تاما قىلىپ ۋە دۇنيا ئۈچۈن قورقۇپ كۇفرىنى ئىزھار قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى نېمە بولار؟!...»، ئاندىن ئۇ بۇ توغرىسىدا يىگىرمىدىن كۆپ دەلىل كەلتۈردى...شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كىتابى «دەلىللەر»دەپ مەشھۇر بولغان....بۇلارنى ئەشۇ ئۆزىنى دەۋەتكە نىسبەت بېرىدىغان، ئەمما قانۇننىڭ غالچىلىرىغا دوستلۇقنى، ماسلىشىدىغانلىقنى بىلدۈرۈۋاتقان،ئۇلارنى،

ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى ، ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى قوغداۋاتقان كىشلەر ئوبدان بىر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسۇن . . . ئويلىنىپ باقسۇن . . .بۇ ئىش ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ .خۇسۇسەن بۇ سۆزلەرنىڭ شەيخ ھەمدە ئىبنى ئەتىق ۋە شەيخ سۇلايماننىڭ دەۋرىدە نەجدى رايونىغا كىرگەن مىسىر دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلىشسە ، بەزى ئىشلارنى چۈشىنىپ قېلىشقان بولاتتى .بۇ ئىككىيلەن شۇ ۋاقىتتاكىشلەرنى ئەشۇ نۇرغۇن بىدئەت ۋە خوراپاتلارغا چىڭ ئېسىلىدىغان ئەسكەرلەرگە دوستلۇق بىلدۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن«نىجادلىقنىڭ يولى» ۋە «دەلىللەر» دېگەن كىتابنى تەييارلىغان ئىدى .مەلۇمكى ،شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان نەجدى ئۆلىمالىرى شۇزاماندا مىسىر دۆلىتىنى ۋە تۈركىيەگە ئەگەشكۈچى بولغان ئەسكەرلىرىنى كاپىرغا چىقىرىشقان ئىدى . ھەتتا ئۇلار بارلىق ئۇلارغا دوست بولغان ، ئىتائىتىگە كىرگەن ،ئۇلاردىن رازى بولغان ،مۆئمىنلەرنى قويۇپ ئۇلارنى سىرداش قىلىۋالغانلارنىمۇ كاپىرغا چىقىرىشقان . . .ئۇنداقتا بۇنىڭدىن بىر سوئال پەيدا بولىدۇ:ئەگەر ئەشۇ داڭلىق ئالىملارنىڭ ئەشۇ دۆلەتلەرگە ئەگەشكەن ئەسكەرلەر توغرىسىدىكى ھۆكمى شۇنداق بولغان بولسا ،بۇ دۆلەتلەرنى ياخشى كۆرگەن ،دوستلاشقان ، غەلىبە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان كىشلەرنى تۈرگە ئايرىشى مۇشۇنداق بولغان بولسا . . . . ئۇنداقتا دەپ بېقىڭ! ،ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى قانۇننىڭ غالچىلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىرى قانداق بولار؟! . . . .

ئەگەر ئۇلار بۇ زاماننى بىلگەن بولسا ، تۇرالغۇلار ،خىزمەتلەر ،مائاشلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت دۇنيانىڭ پوستەكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ كاپىرلارغا ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا ، ئۇلارنىڭ ساقچىلىرىغا دوستلۇق ئىزھار قىلغان كىشلەرگە قانداق ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىن؟ . ئۇلارغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىنى ھۆرمەتلەشكە قەسەم قىلىۋاتقان كىشلەرگە قانداق ھۆكۈم چىقىرار؟ .

«ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئاگاھ بۇلۇڭلار . . .ئى غاپىللار! تەۋبە قىلىڭلار . . . پىتنە دىننىڭ شاخچە مەسىلىلىرى ياكى دۇنياۋى جەھەتلەردە بولىۋاتقىنى يوق .پىتنە دىننىڭ ئاساسىدا يۈز بېرىۋاتىدۇ .ئۇرۇق ــ تۇغقانلار ،ئاياللار ،مال ــ دۇنيالار ،تىجارەتلەر ۋە تۇرالغۇلار

دىننى قوغدىغۇچى بولىشى ۋە دىن ئۇچۇن قۇربان قىلىنىشى كېرەككى ، ھەرگىزمۇ دىن بۇ نەرسىلەرنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇربان بولغۇچى بولماسلىقى كېرەك: «ئېيتقىنكى ،«ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ،ئوغۇللىرىڭلار ،قېرىندىشىڭلار ، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىڭلار(ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار) ، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار،ياخشى كۆرۈدىغان ئۆيلىرىڭلار، سىلەر ئۇچۇن اللەتىن،اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ،(يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ، اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بەرمىسەڭلار) ،ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار.الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»(تەۋبە 24) ،ئۇنىڭغا ئەقلىڭىزنى يۈگۈرتۈپ بېقىڭ،ئۇنى ئويلىنىپ بېقىڭ،الله ئەززە ۋە جەللە اللەنىڭ ،رەسۇلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئەشۇ سەككىز تۈرلۈك نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك بولىشنى پەرز قىلدى.نىمە بولسا بولسۇن ،دىن سىز ئۇچۇن ئەڭ بىباھا نەرسە بولسۇن.»

# تۆتىنچى بۆلۈم

## 43 ـ تاغۇتلار دەۋەتچىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چىتنەپ سودىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ

سىز ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئوبدان چۈشەنگەن بولسىڭىز ، ئۇنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى نۇسرەت ،غەلىبە ۋە سائادەتنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىڭىز......يەنە شۇنى بىلىپ قويۇڭكى ،ھەرزاماندىكى تاغۇتلار ئۇنىڭدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ.بەلكى بۇ ئۇلۇغ يولدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە قورقىدۇ.پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بارلىق ھىيلە ۋە ئۇسلۇبلارنى قوللىنىپ ،بۇ يولنى يوقىتىش ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبىدىن يۇلۇۋېتىشكە قىزىقىدۇ .

## 44 ـ تاغۇتلارنىڭ دەۋەتچىلەرنى بۇيولدىن ئازدۇرۇشتىكى ئورۇنۇشلىرى

خۇددى الله تائالا بۇرۇندىن تارتىپ خەۋەر بەرگەندەك .الله تائالا مەككە سۈرىسى بولغان سۈرە قەلەمدە مۇنداق دەيدۇ:« **ئۇلار سېنىڭ(ئۆزلىرى بىلەن)مادارا قىلىشىڭنى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ(سەن بىلەن)مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .**» (قەلەم 9) ، دېمەك ئۇلار دەۋەتچىلەرنىڭ باشقا مايماق ، ئەگرى يوللاردا مېڭىشنى ، پەيغەمبەرلەرنىڭ رۇس مۇستەھكەم يولىدىن چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .ھەمىشە دەۋەتچىلەرنى بۇ توغرا يولدىن چىقىرىپ ،ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا سۈكۈت قىلىدىغان ،خاتالىقلىرىغا رازى بولىدىغان ياكى بەزى ئىشلاردا ئۇلار بىلەن بىرلىشىدىغان يوللارغا باشلاش ئۈچۈن پىلانلارنى تۈزىدۇ .ھەتتا دەۋەت تۈگىشىپ ، ئۇنىڭ مەسىلىلىرى سۇيۇقلىشىپ ،ئۇنىڭ دەۋەتچىلىرى بۇ دەۋەتنىڭ رۇس ، ئاشكارا ، ئوچۇق بولغان لىنيىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە شۇنداق قىلىشىدۇ .تاغۇتلار تۈنجى چېكىنىشنىڭ ئارقىغا بىر قەدەم ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن بۇ قەدەمگە يەنە بىرنەچچە قەدەملەر ئەگىشىپ كېلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن دەۋەتچىلەر دەۋەتنىڭ ئەسلى مەنھەج يولىنى ئۇنتۇيدۇ ـ دە ،بۇ ئازغۇنلۇقتا ، ئۇلارنىڭ بەزى ياكى كۆپلىگەن باتىللىرىدا بىرلىششكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ . . . .مانا بۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۈمىد قىلىنغان نىشانىدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەشۇ دەۋەتچىلەردىن بىرەر ئىشتا ۋاز كېچىش ۋە ئارقىغا چېكىنىشنى كۆرگەن ھامان ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە بولغان رازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىدۇ ،ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى ماختايدۇ ۋە ئۇلارغا دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ . . . .الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**ئۇلار سېنى بىز ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ ، بىزگە قۇرئاندىن غەيرىنى ئېپترا قىلدۇرۇشقا تاس قالدى .(ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلغىنىڭدا)ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى(ئۆزلىرىگە)دوست قىلىۋالاتتى .**»( ئىسرا 73) ،

سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن دىن ۋە دەۋەت ئىشلىرىنىڭ كۆپىدە سودىلىشىش ئۈچۈن قىلغان ئورۇنۇشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:«بۇ ئورۇنۇشلاردىن الله پەيغەمبىرىنى ساقلاپ قالدى . مانا بۇ ھاكىمىيەت

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىرىنىڭ دەۋەتچىلەرگە قىلىدىغان دائىملىق ئورۇنۇشىدۇر.بۇ ئورۇنۇشلار دەۋەتچىلەرنى دەۋەتتە چىڭ تۇرۇشتىن ئازراق بولسىمۇ قايتۇرۇش،نۇرغۇن بايلىقلار ئارقىلىق ئۇلارنى (ئىسلام تونۇمايدىغان) «نورمال يول» تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. كىمكى بۇنىڭ بىلەن دەۋەتتىن توسۇلىدىكەن،ئۇ بۇ ئىشنى ئاددىي سانايدىغان بولىدۇ. تاغۇتلار ئۇنىڭدىن دەۋەتنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ يولىنىڭ يېرىمىدا بىرلىشەلىشى ئۈچۈن،ئاز مىقداردىكى تەگشەش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.شەيتان دەۋەتچىلەرنى مۇشۇ يوچۇقتىن ئازدۇرىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا بۇ دەۋەتچى دەۋەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىن ۋاز كەچكەن تەقدىردىمۇ، دەۋەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ بۇ دەۋەتكە تەشەببۇسكار مۇئامىلىدە بولىشىدا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولىدۇ.لېكىن يولىنىڭ بېشىدىكى كىچىككىنە ئېزىش يولىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق بولغان ئازغۇنلۇقنى مەيدانغا ئەكىلىدۇ. دەۋەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا ئازراق بولسىمۇ تەسلىم بولۇشنى،كىچىك بىر نۇقتىلىرىدا ئازراق بولسىمۇ سەل قاراشنى قوبۇل قىلىدىغان دەۋەتچى دەسلەپتە قوبۇل قىلغان چەكتە توختىيالمايدۇ.چۈنكى ئۇ ھەر نۆۋەت ئارقىغا چېكىنگەندە،ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولغان تەييارلىقى كۈچىيىدۇ. ھاكىمىيەت ئىگىلىرى دەۋەتچىلەرنى قەدەممۇ-قەدەم ئىندەككە كەلتۈرىدۇ.ئەگەر ئۇلار بىرەر قىسمىدا بويسۇنسا،ئۇلارنىڭ ھەيۋىتى ۋە مۇستەھكەملىكىنى يوقىتىدۇ.بەزىلەر سودىلىششىنىڭ داۋاملىششى ۋە باھانىڭ ئۆسۈشى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنى دەۋەتكە مايىل قىلىشقا پايدىلىق دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇ دەۋەتنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىگىلىرىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن روھى مەغلۇبىيەتتۇر.پەقەت اللهلا مۆئمىنلەر دەۋەتتە ئۇنىڭغا يۆلىنىدىغان زاتتۇر.قاچانكى بۇ خىل مەغلۇبىيەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىدىكەن، مەغلۇبىيەت مەڭگۈ غەلىبىگە ئايلىنالمايدۇ.»

توغرا...بىز بۈگۈنكى دەۋەتچىلەرنىڭ نۇرغۇننى تاغۇتلارنىڭ دوست تۇتتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. چۈنكى ئۇلار بۇ تاغۇتلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە دۈشمەنلەشمەيدۇ...چۈنكى بۇ دەۋەتچىلەر ئۇلارنىڭ نۇرغۇن باتىللىرىغا رازىلىقىنى ئىزھار قىلىشتى ۋە ئۇلار بىلەن يولىنىڭ يېرىمىدا بىرلەشتى...ئۇلار بىلەن سۆھبەت

يېغىنلىرى ۋە مۇراسىملاردا بىرگە ئولتۇرۇشتى .

## 45 ـ ھازىرقى زاماندىكى تاغۇتلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ماھىيەتىدىن چەتنەشتۈرۈش ئۇسلۇبلىرى

## 46 ـ پارلامېنت ،دۆلەت مەجلىسى قاتارلىقلار ۋە دەۋەتچىلارنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى

بۇ ئۇسلۇبلارنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى تۆۋەندىكىدەك مىساللىرى بار:

ـ كۆپلىگەن تاغۇتلار تەسىس قىلىۋاتقان پارلامېنت ۋە دۆلەت مەجلىسى قاتارلىقلارغا قاراڭ .ئۇلار بۇيەردە دەۋەتچىلەر ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت «رەقىبلىرى»نى توپلايدۇ .ئۇلار ئۇيەردە بىرگە ئولتۇرۇپ ،سۆھبەتلىشىپ ،ئارىلىشىپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنى سۈيۈقلاشتۇرۇش يولى بىلەن ھەل قىلىدۇ .بۇ يەردە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىنى ۋە دەستۇرلىرىنى ئىنكار قىلىش ،باتىللىرىدىن يۈز ئۆرۈش مەسىلىلىرى ھەرگىز تىلغا ئېلىنمايدۇ .بەلكى بۇ يەردە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادى ، بىخەتەرلىك تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆھبەتلەر ، ئۆز ـ ئارا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ . . . . . .بۇ سۆھبەتلەر تاغۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ، ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى ۋە ھاۋايى نەپسى بىلەن ھاكىمىيەت باشقۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن!!! . . . . .مانا بۇ بىز ياشاۋاتقان ۋە كۆرۈۋاتقان خاتالىق .بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى ئۆزىنى سەلەپلەرنىڭ مەنھەج يوللىرىغا نىسبەت بېرىدىغان ، سەييىد قۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى بېزەيدىغان كىشىلەردۇر .شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار بۇ خاتالىقلارغا چۈشكىنىنى ئازدەپ يەنە تاغۇتلارغا چاۋاك چېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ ،ھۆرمەتلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىشۋاتىدۇ .بۇ تاغۇتلارنى چىرايلىق ناملىرى بىلەن ئاتاۋاتىدۇ .بەلكى بۇلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى ،قوشۇنلىرىغا بولغان دوستلۇق بىلەن نىدا قىلىۋاتىدۇ . . . .ئۇلارنىڭ دەستۇر ۋە قانۇنلىرىغا بولغان ھۆرمەت ،ماختاشلىرىنى جاكارلاۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرى ئۈچۈن نېمە قېلىپ قالدى؟ . اللەقا سېغىنىپ ئازغۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمىز . . . .

www.uyghurkitap.com

## 47 ـ تاغۇتلارنىڭ نۇرغۇن دەۋەتچى ئالىملاردىن ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغانلىقى

ـ شۇنىڭ قاتارىدىن يەنە ،تاغۇتلارنىڭ ئالىملارنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتلىرىنى بۇ تاغۇتلارنىڭ تۈزۈملىرى، قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان شىئە ۋە كوممۇنىستلەرگە ئوخشاش كىشىلەرگە قارشى تۇرۇشقا سەرپ قىلىشىدۇر.بۇ تاغۇتلار بەزى ئازغۇن كىشىلەر ـ يەنى شىئە ،كوممۇنىست ـ گە قارشى غەزەپلىنىدىغان ئالىملارنىڭ بەزىسىگە ئىلتىجا قىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالىملار تاغۇتلارغا ئۇلارنىڭ ئەشۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىدۇ. تاغۇتلار بولسا بۇ دىنغا ۋە بۇدىنىنىڭ ئەھلىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ئەشۇ كىشىلەر ـ شىئە، كومىنىست ـ لەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق بۇ ئالىملارنى ئالدايدۇ. ئەشۇ كىشىلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەرنى بېرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارە ئالىملار ئۇلارنىڭ تورىغا چۈشىدۇ ـ دە، ئۆمۈرلىرىنى، ۋاقتلىرىنى ۋە دەۋەتلىرىنى دۈشمىنىنىڭ دۈشمىنىگە ياردەم بېرىش يولىدا زايا قىلىدۇ. ھەتتا ئەھۋال ئاخىرى بۇ يېقىندىكى تاغۇتلارغا بولغان ئاداۋەتنى تاشلاشقا يېتىپ بارىدۇ.ئۇلارنى تەستىقلاشقا باشلايدۇ.بەلكى ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تاغۇتقا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىخلاسمەن ئەسكەر ۋە ياردەمچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.ھاياتىنى تاغۇتلارنىڭ خىزمىتى،ئۇلارنىڭ تەختىنى، ھۆكمىنى ۋە دۆلىتىنى چىڭىتىشقا تەقدىم قىلىدۇ. . .مەيلى ئۇلار بۇنى ھېس قىلسۇن مەيلى ھېس قىلمىسۇن. . . ۋاي ئىسىت! ئۇلار كاشكى مۇنۇ سۆزنى چۈشەنسىچۇ:« **مۇسا ئېيتتى:پەرۋەردىگارىم! ماڭا قىلغان نېئمىتىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىزمۇ گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن.»** (قەسەس **17**) ،قۇرتۇبى بۇ ئايەت توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلدى.يەنى مۇسادىن ياردەم تىلىگەن كىشى كاپىر ئىدى.ئۇ پەقەت «مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى»دەپ سۈپەتلەنگەن. چۈنكى ئۇ ئىسرائىل قەۋمىدىن ئىدى.دىندا بىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنمىغان.ئۇ بىر

كاپىرغا يەنە بىر كاپىرغا قارشى ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن نادامەت چەككەن .شۇڭا ئۇ:«مەن بۇنىڭدىن كېيىن كاپىرلارغا ياردەمچى بولمايمەن .» دېدى . . . . .ئۇلار بۇ ئايەتنى چۈشەنسىچۇ كاشكى!**«ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار (ئۆزۈڭلارغا خەتەر بولماسلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۈجۈقتۇرۇڭلار) ،سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن .» (تەۋبە 123)** . . . . ئەگەر ئۇلار بۇنى چۈشەنگەن بولسا ھەرگىزمۇ بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى .شۇبھىسىزكى ،ئەشۇ كوممۇنىستلار ۋە باشقىلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى . ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ،ئۇلارنىڭ باتىللىرىنى ئىنكار قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىش .لېكىن بۇ ئادا ـ جۇدالىق ۋە ئىنكار قىلىشنى ئەڭ مۇھىمىدىن ،ئەڭ يېقىنىدىن باشلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىدا مۇئەييەنلەشكەن قائىدىدۇر .بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشنى ساغلام ئەقىلمۇ خوپ كۆرمەيدۇ .چۈنكى يېقىندىكى بىۋاستە خەتەرنىڭ تەسىرى ،بۇزغۇنچىلىقى ۋە يامانلىقى يىراقتىكىگە قارىغاندا قاتتىق بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن نەپىس ۋە شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ . . .رەسۇلۇللاھمۇ ئىشنى دەسلەپ ئۆزىنىڭ قېشىدىكىلەردىن غاپىل قېلىپ ،يىراقتىكى پارس ، رۇم ۋە يەھۇدىيلاردىن باشلىغان ئەمەس . (بەزىلەر بەزى خاتالاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ،ئۇنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۇرلۇك سورۇن ، يېغىن ، بايرام ، مېھراب ـ مۇنبەرلەردە سۆزلەۋاتىدۇ .ۋاھالەنكى ئۇلار بۇ خاتالاشقان مۇسۇلمانلارنى ئەيىپلەش ، تىللاش ئارقىلىق دىندىن يانغان ،رەببىگە گەدەنكەشلىك قىلغان ،قۇرئاننى كۆيدۈرگەن ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ھەرىكەت قىلىۋاتقان ،مۇسۇلمانلارنى خورلىغان ، ئەزگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئاتالمىش «دۈشمىنى» ھېسابلانغان مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ، تۈرمىگە سولاش ۋە ئۆلتۈرۈشكە باھانە تېپىپ بېرىۋاتىدۇ .بىچارە ئادەملەر بۇ ئازغۇن موللىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ،ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ تۇرلۇك ئازاب ئوقۇبەتلەرگە قېلىشىغا پىسەنت قىلماۋاتىدۇ .ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈۋاتىدۇ ۋە كاپىرغا قىلمايدىغان دۈشمەنلىكنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ ئادرېسى



بەكراق ھەممىگە دۈشمەن بولىۋاتقان ،ھەممىنى يوقاتماقچى بولىۋاتقان دۈشمەنلەرگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ .ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللاۋاتىدۇ .)

## 48 ـ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغانلىقى

ـ كۆپلىگەن تاغۇتلار بۇ مۇھىم كوزىردىن ئوبدان پايدىلاندى . . .بۇنداق نادان ئۆلىمالاردىن نۇرغۇننى ئۇلار بىلەن دەۋەتتە ،مەزھەپتە ياكى مەنھەجدە قارشى كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن باشقىلارنى قاچۇرۇش ۋە نۇرغۇن ھەقىقى دەۋەتچىلەرنىڭ يولىنى توسۇشتا بويسۇندۇرۇۋالدى .بۇ ھەق دەۋەتچىلىرىگە خاۋارىج ، ئاسىي ،دىندىن چىققۇچى ،زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى . . .دېگەندەك قالپاقلارنى كەيگۈزۈپ ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ،ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئازغۇن ئالىملارنىڭ بەزىسىنى پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن تاللىدى . .«**بىلىڭلاركى ،ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر**» ۋەھالەنكى ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ خاتالىقلارنى بىزنىڭ زامان ئەھلىمىزدە ناھايىتى كۆپ كۆرۈۋاتىمىز . . . .بىز پەقەت دەردىمىزنى اللەقىلا ئېيتىمىز . . . ئەشۇ بىچارە ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتچى قېرىنداشلىرى شۇنى بىلىشمىدىكى بۇ خاتالاشقان مۇسۇلمانلار قانچىلىك ئېزىپ كەتسۇن ،ئۇلار پەقەت جاھىللىق ۋە تەئۋىل سەۋەبىدىن خاتالاشقان .ئۇلار ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ خاتالاشقان بولسىمۇ ۋە خاتالىقلىرىدا داۋاملاشسىمۇ ،ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقلىرى ئەشۇ اللەقا ۋە اللەنىڭ دىنىغا دۈشمەن بولىۋاتقان تاغۇتلارنىڭ ئازغۇنلىقىغا ھەرگىز يەتمەيدۇ .

## 49 ـ ئۇلارنى مەنسەپ ،ئورۇن ۋە مەرتىۋىلەر بىلەن ئالدىشى

ـ ۋە يەنە مۆئمىنلەر ۋە دەۋەتچىلەرنى ئۇلارغا مەنسەپ ،ۋەزىپە ،مەركەز ،نام ، ئىمتىياز ،مال ۋە تۇرالغۇلارنى بېرىش ۋە باشقا ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئالداش .

ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بۇ ئالىملارنى چەكلەيدۇ ۋە ئىغىزلىرىنى ئېتىدۇ.ئۇلار بىلەن ئۇزىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەمەللەشتۇرىدۇ: «سېنى ئىمىتكەن ئەمچەكنى چىشلىمە.» مانا شۇنداق قىلىپ بۇ ئالىملار ۋە دەۋەتچىلەر بۇ تاغۇتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە مەپتۇن بولىدۇ.ھەتتا بۇ ئەھۋال ئۇلار ئۇزىنىڭ ھەرخىل پەتىۋالىرى، ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى تەكرارلاش ۋە ئۇلارغا كېچەيۇ كۈندۇز ھەمدى ئېيتىش بىلەن بۇ تاغۇتلارنىڭ باتىللىرىنى يۆگەيدىغان دەرىجىگە يىتىدۇ.

ئىبنۇلجەۋزى «شەيتانىنىڭ ئازدۇرىشى»دىگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شەيتانىنىڭ پەقىھلەرگە بولغان ئازدۇرۇشى ئۇلارنىڭ سۇلتان ۋە ئەمىرلەر بىلەن ئارىلىششى، ئۇلارغا خۇشامەت قىلىشى،ۋە قادىر تۇرۇقلۇق ئۇلارغا ئىنكار قىلىشنى تاشلىشىدۇر.» ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:«قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،سۇلتانلارنىڭ قېشىغا كىرىش چوڭ خەتەردۇر.چۈنكى نىيەت ئاۋۋالقى كىرىشتە ياخشى بولىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىشى،ئىنئامى ۋە ئۇلاردىن تاما قىلىشلار ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا خۇشامەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىشنى تاشلاشتىن يىراق بولالمايدۇ.سوفيان سەۋرى مۇنداق دەيتتى:«مەن ئۇلارنىڭ ماڭا ھاقارەت قىلىشىدىن قورقمايمەن.پەقەت ئۇلارنىڭ ماڭا ئىكرام قىلىشىدىن ئاندىن مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئۇلارغا مايىل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.»

ئەگەر ئەقىللىق كىشى سوفيان سەۋرى ئۇلارغا قەلبىنىڭ مايىل بولۇپ قېلىشىدىن قورققان كىشلەرنىڭ قانداق كىشلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا،ئۇلار بىلەن زامانىمىزدىكى تاغۇتلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان پەرقنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيدۇ. اللەتىن ياردەم سورايمىز....الله مۇنداق دىگۈچىگە رەھمەت قىلسۇن:

ئالىم ئۇچۇن ئەڭ چوڭ زىيان چاۋاك چالماق،
بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئوينار جاھىل بىلەن.
دىندىن ئايرار ئۇنى ئەتە بۇ قىلىقى،
ۋەيران قىلار ھېرىسمەنلىك دۇنيا ئۇچۇن.

كم ئۇنتۇسا رەببىگە يول ئېلىشنى،

ۋەيران بولار خوشاللىقى هامان بىر كۈن.

ـ ۋە يەنە بۇ تاغۇتلارنىڭ دىنىنىڭ پارچە ۋە شاخچە ئىشلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ،بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىخلاسىدىن گۇمانلىنىدىغان ئالىملار، دەۋەتچىلەرنى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش.شۇڭا ئۇلار بۇ ئالىملارغا بۇ تاغۇتلارنىڭ باتىللىرى ۋە پاساتلىرىغا زىيان كەلتۈرمەيدىغان مەكتەپ،رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ بېرىدۇ.ئۇلارنى ۋەخپە نازارىتىدە ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا مەشغۇل قىلىدۇ.

## 50ـ ئۇلارنى ئىسلام دۇنيا بىرلىكى،ۋەخپە ۋازارىتى،مەكتەپ،ئۇنىۋېرسىتېت، رادىئو ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ھەيئىتى قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا زىيانلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىپ،تاغۇتلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغانلىقى

ـ يەنە تاغۇتلار تەسىس قىلغان زىيان يەتكۈزگۈچى مۇئەسسەسە ۋە جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ بېرىش.ئىسلام دۇنياسى جەمئىيتى (رابىتەتۇل ئالىمىل ئىسلامى)غا ئوخشاش جەمئىيەتلەرگە ـ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن بۇزۇق ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولۇپمۇ سەئۇدى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ تاغۇتلىرى بىلەن كېلىشىپ ئۆتىدىغانلىقى بىلەن بۇ جەمىيەتلەرنىڭ قارا يولى ئېنىق بولغان بولسىمۇ ـ نۇرغۇن بىچارە ئالىملىرىمىز ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كەتتى. . . بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىن چىققان كىتابلار بۇ دۆلەتكە خۇشامەت قىلىش،ئۇنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاغۇتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە بەزى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپى ۋە تەنقىدلىرىنى ماختاش بىلەن تولۇپ كەتكەن.تاغۇتلار مەسىلىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتسا بۇ جەمئىيەتلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ.ئەگەر كازافىغا ئوخشاش تاغۇتلار ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى،تاغۇتلىرى ۋە سىياسەتلىرىگە قارشى چىقسا،ئۇنىڭغا قارشى پەتۋالار دەرھال چىقىرىلىدۇ ۋە دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىشلار

تاغۇتلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتسا ،(يەنى كازافى ھۆجۈمنى توختىتىپ كېلىشىپ قالسا ، ) بۇ بىچارە پەتىۋالار دەرھال تىنچلىنىپ گاچا بولىدۇ .بۇ ئەمەلىيەتتە نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن . ۋەھالەنكى ئۇ تاغۇت ئۆزى يەنە شۇ .ھېچقانداق ئۆزگىرىش ، ياخشىلىنىش بولغىنى يوق . بەلكى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئوسال بولۇپ كەتكەن . ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ نىجسلىلىقى ۋە تۇغيان بىلەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ . . .اللەقا دەرد ئېيتىمىز . مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بۇ مۇئەسسەسەلەر ۋە بۇنىڭ ئوخشاشلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۇئەسسەسەسى بولۇشتىن چەتنىيەلمەيدۇ . . شۇڭا بىز ھۆكۈمەت قۇرۇپ بەرگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيمىز .

ـ يەنە ،ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن دەۋەتچىلەرگە دەۋەت ۋە خۇتبە سۆزلەشكە رۇخسەت بېرىش ، «ياخشىلىقا بۇيرۇپ ،يامانلىقتىن توسۇش ھەيئىتى»تىن ئىبارەت ئىدارىلەرنى قۇرۇپ شجائەتلىك دەۋەتچىلەرنى توپلاپ ،ئۇلارنى ئاممىۋى مۇنكەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا بەنت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھۆكۈمەتنى ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى ، باتىللىرىنى ،پاساتلىرىنى ۋە چوڭ تاغۇتلىرىنى يامان كۆرۈشتىن توسۇش . . .ئەلۋەتتە ئۇلار بەزى ئاممىۋى مۇنكەرلەرگە قارشى تۇرۇپ قويىدۇ . . .لېكىن مەقسەت ئەشۇ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ۋە تاغۇتلارنىڭ ھۆكمىنىڭ مۇستەھكەم تۇرىشىغا تەھدىت سېلىۋاتقان «مۇنكەرلەر»گە قارشى تۇرۇشتۇر .ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئەشۇ ھەيئەتلەر بىلەن ،ياكى ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان شۇ «رۇخسەت»لەر بىلەن چىڭ باغلاپ تۇرىدىكەن ،ھەرگىزمۇ «ياخشىلىقا بۇيرۇپ ، يامانلىقتا توسۇشتا» ئۇلۇغ ماقامغا يېتەلمەيدۇ .

## 51 ـ ئەۋلادلارنى مەدرىسە ۋە مەكتەپ ئارقىلىق ئۇلارغا دوست بولىدىغان ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش

ـ ۋە يەنە ،مەدرىسلەر ،ئۇنىۋېرسىتېتلار ،تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە ھەرخىل

www.uyghurkitap.com

تاغۇتى مۇئەسسەلەر ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبلىرىدە بۇ «يول» (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى)نى ۋەيران قىلىش ۋە يوقىتىش.بۇ تاغۇتلار نىجىسلىقتا ۋە مىكرىدە پىرئەۋندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇپ،ئۆزلىرىنىڭ بۇ نىجىس ئۇسۇللىرى كارغا كەلمىگەنگە قەدەر،باللارنى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىغا تايانمايدۇ.پىرئەۋنن قىلغاندەك،ئەۋلادلارنى قىرىشنىڭ ئورنىغا بۇ «يول»نى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە بۇ«يولى»نى يوقىتىپ،ئۇلارنى ئەڭ ئەشەددىي ھالدا ھالاك قىلىدۇ.بۇلارنى ئۇلار بۇزۇق مەكتەپلەر ۋە نۇرغۇن بىلىمسىز مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىگە سۆرەپ كىرگەن تەشۇىقات ۋاستىلىرى(تېلېۋىزور) دىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەۋلادلارنى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈدىغان،ئۇلارغا،قانۇنلىرىغا ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە دوست بولىدىغان قىلىپ تەربىيلىيەلەيدۇ.ئۇلار ئامال بار ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى قوزغىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ.ئۇلارنىڭ بۇ بۇزۇق سىياسەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى: ساۋاتسىزلىقنى تۇگەتتى،ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنى تارقاتتى،دەپ ئۇلارنى ماختاشلىرى ئۇچۇن يولغا قويۇلىدۇ. بۇ نىقابنىڭ ئىچىدە ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۇلارغا،ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ۋە قانۇنلىرىغا ئىخلاس قىلىدىغان خىزمەتچى ۋە يالاقچىلارنى تەربىيلەپ چىقىدۇ. ئاز دېگەندە ئۇلار جاھىل،يولدىن ئازغان،بۇ دەۋەت ۋە مۇستەھكەم يولدىن چىققان،باتىل ئەھلى بىلەن كېلىشىپ ئۆتىدىغان،ئۇلارغا قارشى تۇرالمايدىغان ۋە ئۇلار توغرىسىدا پىكرىمۇ قىلالمايدىغان بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسلۇبلىرىنى «مەدرىسلەرنى بۇزۇش ئارقىلىق قەھرىمان رەھبەرلەرنى تەييارلاش»دېگەن رىسالىمىزدە تولۇق بايان قىلغان ئىدۇق...

## 52 ـ پىتنىلەردىن قۇتۇلۇش، ھەل قىلىش چارىسى پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر

## 53 ـ دەۋەتچى قاچان ئۇتۇشلىدۇ؟ .غاپىللىق قاچان تۈگەيدۇ؟؟ . . .

مۇشۇ تېپىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىرەرسىدە تېپىلغان دەۋەتچىلەرنىڭ نەچچىسى ۋەيران بولدى. مانا بىز بۇگۈن كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلامى رەھبەرلىك ۋە ئۆلىمالارغا ئىشىنىشىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى پەقەت مۇشۇ تېپىلدۇرغۇچىلاردۇر. نەچچىلىگەن ئالىملار ئۆزلىرىنى تاغۇتلارنىڭ ئالدىدا چۈپەيلەشتۇردى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ھەيۋەتلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغۇتلار ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىدىن قورقمايدۇ . . .ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ھېسابىنى قىلىپ ئولتۇرمايدۇ . . . .لېكىن ئۇلار دەۋەتچىلەردىن ، ئۇلارنىڭ دەۋەتىنىڭ رۇس يولىغا خىلاپ كېلىدىغان يوللىرىنىڭ ھەرقانداق بىر نۇقتىسىدا بىرلىشىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان، ئۇنىمايدىغان ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغان تاغدەك مۇستەھكەملىك ۋە مەزمۇتلۇقنى كۆرۈپ قالسا، دەرھال ئىنچىكە ھېسابات قىلىشقا كىرىشىدۇ. الله تاغۇتلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالىدۇ . . . خۇددى كۇففارلارنىڭ قەلبىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيۋىتىدەك . . . دەۋەتچىلەر خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ قورقۇتۇش بىلەن غەلىبە قىلغىنىدەك غەلىبە قىلىدۇ . . . .شۇڭا بۇ تېپىلدۇرغۇچىلاردىن قاتتىق ساقلىنىڭ. تاغۇتلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ . . . . .

ئاخىرىدا . . . .الله ئەززە ۋەجەللە بىزلەرگە بۇ پىلانلارنى ۋە ئويۇنلارنى بايان قىلىپ بەردى . . . بىزلەرنى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى . . .بىزلەرگە ھەل قىلىش چارىسى ۋە يولىنى كۆرسىتىپ قويدى . . .بىزلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەپ قويدى . . .الله تائالا:«**ئۇلار سېنىڭ(ئۆزلىرى بىلەن)مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن)مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.**» (قەلەم **9**)، دېيىشتىن بۇرۇن بىۋاستە قىلىپ:«**ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن.**»(قەلەم **8**) دەپ تەلىم بەردى.

ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. مايىل بولمىغىن. ئۇلار بىلەن كېلىشىپ ئۆتۈشنى

قوبۇل قىلمىغىن.شۈبھىسىزكى،رەببىڭ ساڭا ھەق دىننى بەردى...سېنى رۇس يولغا باشلاپ قويدى... ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا يېتەكلىدى...

الله تائالانىڭ مەككى سۈرىسى بولغان سۈرە ئىنساندىكى سۆزلىرى بۇنىڭ بەك ئوخشايدۇ:«**(ئى مۇھەممەد!)بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ساڭا بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق.سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىل.سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن.**» (ئىنسان **24**)، قۇرئاننى تىلغا ئېلىش ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرگە قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى تەكىتلەشنى،گۇناھكار كاپىرلارغا ئىتائەت قىلماسلىقنىڭ ئالدىدا بايان قىلغانلىقى توغرا بولغان دەۋەت يولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.چۈنكى بۇ يولنى دەۋەتچى ئۆزىگە ئۆزى تاللىۋالالمايدۇ.ئۇلارنىڭ خۇددى بەزىلەر خالاۋاتقان ۋە تاللاۋاتقاندەك بۇ يولنىڭ بەلگىلىرىنى سىزىش ۋە بەلگىلەش ھەققى يوق.ئۇ پەقەت قۇرئاندا ئېنىق بايان قىلىنغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىدۇر.

الله تائالانىڭ مەككى سۈرىسى بولغان سۈرە فۇرقاندىكى سۆزلىرىمۇ بۇنىڭ بەك ئوخشايدۇ: «**شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن.قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى(پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ)بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.**»(فۇرقان **52**)،يەنى قۇرئاندا بۇيرۇلغان يولدىن باشقا ھەرقانداق يول،ئۇسلۇب ۋە مەنھەجلەرنى دەۋەتكە تاڭمىغىن...ئۇلارنى بۇ قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ بەزى باتىللىرىغا سۈكۈت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق مايماق يوللارغا ئەگەشمىگىن....

يەنە الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ:«**بىز دىلىنى بىزنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن،ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە ئەگەشمىگىن.(ئى مۇھەممەد!) «بۇ ھەق(يەنى قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولغاندۇر.خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن،خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن،» دېگىن...**»(كەھف **28-29**)،

اللهتائالانىڭ سۈرە شۇرادا بىزلەرگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن دېگەن سۆزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ:

**«شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن)(ئى مۇھەممەد بارلىق ئىنسانلارنى دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا چاقىرغىن.) بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا بولغىن ،ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن . . .» (شۇرا 15) ،**

**ۋە يەنە :«ئاندىن بىز سېنى(ئى مۇھەممەد!)دىن ئىشىدا(روشەن)بىر يولدا قىلدۇق ،شۇ يولغا ئەگەشكىن ،بىلمەيدىغانلار( يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. شۈبھىسىزكى ،(ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ)ئۇلار سەندىن اللهنىڭ (ئازابى)دىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ،شۈبھىسىزكى ، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر. الله تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر.» (جاسىيە 18 ـ 19) ،**

ئىش مانا مۇشۇنداق.ئەگەر بىز قۇرئان ئايەتلىرىگە ئەگىشىدىغان بولساق ،بۇ مۇھىم مەنىگە دالالەت قىلىدىغان ئونلىغان بەلكى يۈزلىگەن ئايەتلەرنى تاپالايمىز.الله ئەززە ۋە جەللە مەخلۇقاتلارنى بىكارغا ياراتمىدى.ۋە ئۇلارنى بىكارغا تاشلاپ قويمايدۇ. . .دەۋەتچى ئۈچۈن بۇ يول ۋە مەنھەجنىڭ ئاشكارىلىقى ۋە رۇسلىقى كۇپايە قىلمامدۇ؟! .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۇپايە قىلغان نەرسە ئۇلارغا كۇپايە قىلماسمۇ؟! .ئۇلارنىڭ بۇ غاپىللىقتىن ئويغىنىدىغان، ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلىدىغان ۋاقتى يەتمىدىمۇ؟ .ياكى ئۇلارغا ھەقنى يوشۇرۇپ، كىشىلەرنى ئالداپ ،تىرىشچانلىقلار ۋە ئۆمۈرلىرىنى زايە قىلىپ تاغۇتلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقى كۇپايە قىلماسمۇ؟ .الله بىلەن قەسەمكى، پەقەتلا بىر تاللاش بار. . . .

يا اللهنىڭ قانۇنى . . .ۋەياكى بىلمەيدىغانلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى . . .

بۇ يەردە ئۈچىنچى بىر تاللاش يوق .بۇ توغرا قانۇن بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر يول يوق. . .

مانا بۇ ئايەتلەر دەۋەتچىنىڭ يولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە بەلگىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتلەر بۇ توغرىسىدا ئۇنى ھەرقانداق ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەردىن بىھاجەت قىلىدۇ...ئۇ مۇشۇنداق سۈپەتلەش لايىق كېلىدىغان يېگانە شەرىئەتتۇر.ئۇنىڭدىن باشقىسى پەقەت بىلىمسىزلىكنى مەنبە قىلغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ يولىدۇر. دەۋەتچى پەقەت مۇشۇ شەرىئەتكىلا ئەگىشىشى،بارلىق ھاۋايى ـ ھەۋەس يوللىرىنى تەرك ئېتىشى كېرەك.ئۇنىڭ بۇ شەرىئەتتىن بىردە ـ بىر نەرسىنى ئەشۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە ئالماشتۇرۇشىغا بولمايدۇ.بۇ ھاۋايى ـ ھەۋەس ساھىبلىرى بۇ شەرىئەت ساھىبىغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەرگە ئاساسلانغان بولىدۇ.شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىشقا بولمايدۇ.بەلكى ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاشلا دۈشمەن.بۇ دۈشمەنلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر.شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشتە بەزىلىرى ئاجىزراق بولىشى مۇمكىن.لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئەرزىيەتتىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.الله بولسا ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر.ئۇنداقتا كىممۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولالىسۇن؟. الله ئۇنىڭغا ئىگە بولىۋاتقان بۇ دەۋەتچىگە سېلىشتۇرغاندا بەزىسى بەزىسىگە ئىگە بولىدىغان جاھىل ھەزىلكەشلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى نىمىگە ھېساب ؟.....«**الله تەقۋادارلارنىڭ ئىگىسىدۇر.**»

مانا بۇ ـ يول.....

ماڭىدىغان ئەركەكلەر بارمۇ؟؟.......

ئەبۇ ئەھمەد

ھىجرەتنىڭ **1405** ـ يىلى

# مۇلاھىزە تېمىلىرى


1- ئادا- جۇدالىق باياناتى ........................................ 11

2- مۇقەددىمە ........................................ 13

3- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى بايانى ........................................ 25

4- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ھەرگىزمۇ سۆزلەپ قويسىلا بولىدىغان نەزەرىيىۋى تەۋھىد ئەمەس ........................................ 27

5- شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر ........................................ 28

6- تاغۇتلار بۇ دىنىدىن ئۇلارنىڭ باتىللىرىغا دۈشمەنلىك قىلىشنى توختاتمىغۇچە ھەرگىز رازى بولمايدۇ ........................................ 30

7- ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە دىننى ئاشكارىلاشنىڭ مەنىسى ........................................ 31

8- ئاللاھنىڭ دىنىغا دوست، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ياردەمچى بولۇش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر ........................................ 33

9- مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا دۈشمەنلىك ئاشكارا ئېلان قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرىدۇر ........................................ 35

10- شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە بولغان دۈشمەنلىكنى ئاشكارىلاش توغرىسىدىكى شۈبھىگە رەددىيە ........................................ 40

11- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئادا- جۇدالىقنىڭ بايانى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ ........................................ 41

- بىرىنچى قىسىم: ئىبادەت قىلىنىۋاتقان تاغۇت ۋە بۇتلارغا ئاداۋەت قىلىش ........................................ 41

- ئىككىنچى قىسىم: مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئاداۋەت قىلىش ........................................ 44

12- ھازىرقى زامان تاغۇت ھۆكۈمرانلىرىغا تۇتىدىغان مەيدان ........................................ 50

13- سەلەپلەرنىڭ شەرىئەت تۇرغۇزۇلغان زامانلاردىكى زالىم ئەمىرلەرگە تۇتقان مەيدانى ........................................ 51

14- دەۋەتنى پايدىسىغا قىزىقتۇرۇشتىكى شەيتاننىڭ ئالدىشى ........................................ 51

www.uyghurkitap.com

15- زالىملارغا مايىل بولۇشنىڭ مەنىلىرى..............................55

16- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى دەۋەتنى ياش قىلىپ قويىدۇ ۋە مەخپىيلىكنى رەت قىلىدۇ، دېگەن شۈبھىگە رەددىيە....................................57

17- دۆلەت قۇرۇلمىسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى دىن ئۈچۈن ئەڭ زور مەنپەئەت..........................................58

18- ئەگەر بەزى دەۋەتچىلەر بۇ يولنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويسا باشقىلارغا بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەرك ئېتىشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ..............................60

19- دىنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جەڭ مەيدانلىرىدا كاپىرلارنى ئالداش بىلەن كۆيلىگەن دەۋەتچىلەرنىڭ يولىدىن چەتنىشىنىڭ پەرقى..............................63

20- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ھازىرقى زامان تاغۇتلىرىغا نىسبەتەن ئاشكارا توقۇنۇشتۇر..........................................64

21- ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن دەۋەتچىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى..........................................64

22- سىناقلار اللە تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئاشكارىلاشتىكى تۇتقان يولىدۇر..........................................68

23- مۇشرىكلارغا ئاداۋەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىش بۇ دەۋەتنىڭ سۈپىتىدۇر.........68

24- ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن چەتنىگەن دەۋەتكە ئارىلاشقانلىقتىن ياخشى.70

25- جىم تۇرۇش خۇشامەت قىلىشتىن ياخشى..............................70

26- ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن ئابىد دىنىنى يۆگىگۈچى، كاپىرلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكۈچى دەۋەتچىدىن ياخشى..............................70

27- سەييىد قۇتۇبنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى زىننەتلىگەن، لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرگە سۆز..............................75

28- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ۋە ئۇنى ئاشكارا قىلىشتۇر..........................................79

29- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئەترابىدىكى بۇتلارغا سۈكۈت قىلغان، دېگەن شۈبھىگە

رەددىيە .................................. ..............................
84..

30- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئاجىز ۋاقتىدىمۇ بۇت سۇندۇرغان ............87

31- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈك ۋاقتىدىكى دەۋىتىنىڭ يىلتىز ئاساسى
مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدىن ئادا-جۇدالىقنى ئېلان قىلىش بولغان .... ...............88

32- مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۇلارنى تىللاشنىڭ پەرقى ..........92

33- مۇشرىكلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ رەسۇلۇللاھنى پاناھىغا ئالغانلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ...................................99

34- مۇشرىك ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئىبنى دەغىنەنىڭ ئەبۇ بەكرنى ھىمايىسىگە ئېلىشى
ۋە نەجاشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا پاناھلىق بېرىشى ..............................99

35- مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراش بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پەرقى ................99

36- كىشىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ئالدىدىكى تۈرلىرى ................106

37- مەجبۇرلانماستىن دۇنيانىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ مۇشرىكلارغا مايىل بولۇش كۇفرىدۇر .109

38- مەجبۇرلىنىشنىڭ يوللۇق بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ۋە گۇناھقا مەجبۇرلىنىش بىلەن كۇفرى
سۆزگە مەجبۇرلىنىشنىڭ پەرقى ..................................110

39- دۇنيادىكى ھۆكۈم قىلىش سىرتىغا قاراپ بولىدۇ. سىرلىرى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ..........113

40- ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئەنىڭ قىسسىسى ..............................115

41- نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقانلىقى ۋە ھەقىقى مەجبۇرلانغۇچىنىڭ بايانى .119

42- نەجدى ئۆلىمالىرىنىڭ تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارغا دوست بولغانلارنى كاپىرغا
چىقارغانلىقى .......................................120

43- تاغۇتلار دەۋەتچىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ سودىلىشىشىنى ئۈمىد
قىلىدۇ.............. ............... ...............122

44- تاغۇتلارنىڭ دەۋەتچىلەرنى بۇيولدىن ئازدۇرۇشتىكى ئورۇنۇشلىرى ...............123

45- ھازىرقى زاماندىكى تاغۇتلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى سۇيۇتۇشتىكى
ئۇسلۇبلىرى........... ............... ...............125

46 - پارلامېنت ،ئۈممەت مەجلىسى قاتارلىقلار ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى .....125

47 - تاغۇتلارنىڭ نۇرغۇن دەۋەتچى ئالىملاردىن ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغانلىقى . ........ ........................................126

48 - شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغانلىقى ... ......128

49 - ئۇلارنى مەنسەپ،ئورۇن ۋە مەرتىۋىلەر بىلەن ئالدىشى ......................128

50 - ئۇلارنى ئىسلام دۇنيا بىرلىكى،ۋەخپە ۋازارىتى،مەكتەپ،ئۇنىۋېرسىتېت، رادىئو ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ھەيئىتى قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا زىيانلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىپ، تاغۇتلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغانلىقى ..............................130

51 - ئەۋلادلارنى مەدرىسە ۋە مەكتەپ ئارقىلىق ئۇلارغا دوست بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ..................................131

52 - پىتنىلەردىن قۇتۇلۇش ،ھەل قىلىش چارىسى پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر .133

53 - دەۋەتچى قاچان ئوڭشىلىدۇ؟ .غايىللىق قاچان تۈگەيدۇ؟؟.....................133

www.uyghurkitap.com